


مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# ئالتىنچى يارماق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

12

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



7

ISBN 7-228-09005-5
(民文）定价 :8. 50元

ISBN 7-228-09005-5
9 787228 090051 >

15
1247.7
37

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# ئالتىنچى يارماق

(ھېكايىلەر، نەسىرلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

第六手指/买提哈斯木·阿布都热合曼著. 一乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2004.8
ISBN7－228－09005－5

Ⅰ. 第… Ⅱ.买… Ⅲ. 短篇小说一作品集一中国
一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.7
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 084986 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:帕丽达·艾力
封面设计:艾克拜·萨力

第六手指 (维吾尔文)
买提哈斯木·阿布都热合曼 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
787×1092 毫米 32 开本 5.875 印张 插页:6
2004 年 8 月第 1 版 2004 年 8 月第 1 次印刷
印数:1－3060

ISBN7－228－09005－5 定价:8.50 元

مەسئـۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئالتىنچى بارماق

ئاپتورى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇگۇڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر، 1/32؛
باسما تاۋىقى: 5.875؛ قىستۇرما بېتى: 6
2004 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3060
ISBN7—228—09005—5
باھاسى 8.50 يۈەن

# مۇھەررىردىن

يازغۇچى، ژۇرنالىست مەتقاسىم ئابدۇراخمان 1944 - يىلى 6 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1961 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 1943 - يىلغىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە، خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ۋە خوتەن مالىيە - سودا مەكتىپىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1983 - يىلدىن باشلاپ خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ.

مەتقاسىم ئابدۇراخمان 1978 - يىلى «جۇزۇڭلىنى ئەسلەيمىز» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇنىڭ «يەر ئىگىسى»، «ھەج سەپىرى ئالدىدا»، «دېھقان ھەيكىلى ئالدىدا»، «قاتىل»، «كانچىنىڭ ئوغلى»، «ئۆركەش»، «مۇھەببەت كۈشەندىسى» قاتارلىق يۈز پارچىغا يېقىن ھېكايە، شېئىر، نەسىرلىرى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «پال قاپىقىنىڭ سىرى»، «كانچىنىڭ ئوغلى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «ئۆركەش» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. 1997 - يىلى 10 - ئايدا نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن ئۇنىڭ «شېھىت» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئۇنىڭ «يەر ئىگىسى»، «ھازىدارلار»، «سەركە»، «ھەج سەپىرى ئالدىدا»، «دېھقان ھەيكىلى ئالدىدا»، «گۇل»، «ئارتىس» قاتارلىق توققۇز پارچە ئەسىرى خو-

تەن ۋىلايىتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكا-
پاتىغا، «ئىشچانلىق ۋە تەدبىر — بېيىشنىڭ مۇھىم ئا-
مىل» ناملىق ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجى-
لىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئارتىس» ناملىق ھېكا-
يىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ» ئەدەبىيات مۇكاپا-
تىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە 1993 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «خان-
تەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە 1 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا «مۇنەۋۋەر مۇھەر-
رىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشىغىمۇ ئىشتىياق باغلاپ، بۇ جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «قەلەندەر شېئىرلىرى» ۋە «غېرىپ ـ سەنەم» داستانى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. يەنە ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «نەۋبەتى شېئىرلىرى»، «خاراباتى شېئىرلىرى» ۋە تۇرسۇن موللامنىڭ «ئەرزىيەت» ناملىق ئەسىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە، «زۇمرەتتەك زۇمرەتنىڭ جۇلاسى — چىنىلىقنى بۇرمىلاش»، «شىنجاڭنىڭ تۆگمەنچىلىكى ھەققىدە»، «توي مۇھەببەتنىڭ خاتىمىسىمۇ؟» قاتارلىق ئون بەش پارچە ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە يازغان بىر قىسىم ھېكايىلىرى بىلەن نەسرلىرى كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


كوچىدىكى ئايال ........................ 1
ئىبرەت يالدامىسى ........................ 21
نىياز شۇجىنىڭ پېنسىيە كۈنلىرى ........................ 70
قۇلۇپ پۇلى ........................ 85
«بالاڭنى كۆر ــ جېنىڭنى كۆر» ........................ 90
ئىبرەت ئۇچۇن ........................ 112


## نەسرلەر


ياشلىق ــ بەخت ........................ 121
دېھقان ھەيكىلى ئالدىدا ........................ 129
ساقال ھەققىدە پاراڭ ........................ 133
گۈزەللىك كۈشەندىسى ........................ 137
تەگرى رەنجىيدۇ ........................ 140
تەشەككۇر ........................ 145
ئالتىنچى بارماق ........................ 155
دوست ۋە مەسئۇلىيەت ........................ 160

یول ۋە ئادەم ............................................ 167

قىسمەت ............................................ 172

ۋاپادارلىق ............................................ 174

تەڭرى كەچۈرەرمۇ ............................................ 176

# كوچىدىكى ئايال

ئۆكتەبىرنىڭ جۇدۇنلۇق بىر ئەتىگىنى ن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا، ئېرىق قاسنىقىدىكى سۇۋادان تېرەكلەردىن تۆكۈلگەن غازاڭلار ئۇچۇشۇپ تۇرغان توپىلىق يەردە خورمارەڭ تور رومالغا يۆگىنىۋالغان 22 ياش ئەتراپىدىكى ئايال سومكىلىرىنى ئېسىشىپ ئالدىراش مەكتەپكە كىرىپ كېتىۋاتقان باللاردىن قول سوزۇپ بىر نەرسە تىلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ سەدىقە تىلەشتە ئىشلەتكەن سۆز - ئىبارىلىرى ھېچبىر تىلەمچىگە ئوخشىمايتتى. ئاللانى، «جەننەت»، «دوزاخ» دېگەنلەرنى ھېچ تىلغا ئالمايتتى. «ھەق دوست، سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلمايتتى. بىر ئامالللاپ تاسادىپي بىر ھاجەت بىلەن ياردەمگە موھتاج بولغانلىقىنى ئىزھارلايتتى، يېنىدىن ئۆتكەنلەرگە ئۇ: «بالامنى داۋالاتقىلى چىقىۋىدىم، پۇلۇم تۈگەپ كەتتى، ئازراق ياردەم بەرگەن بولسىلا» دەپ، يېنىدا ياتقۇزۇپ قويغان، ئۇخلاۋاتقان بالىنى كۆرسىتەتتى. بىر، ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى بالا يۇزىگە نېپىز داكا ياغلىق يېپىلغان ھالدا، ئايالنىڭ يېنىدىكى ئەسكى - تۇسكىلەر ئۇستىدە جىمغىنا ياتاتتى. ئايالنىڭ نىمكەش كېيىملىرىدىن، چېھرىدىن غېرىبلىق، نائىلاجلىق، مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەر قانداق باغرى تاش، دىۋانىنىڭ تولىلىقىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن بېخىل كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا بىرەر -

ئىككى تىزا تاشلىماي ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭ كېسەل بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىشقان ئوقۇغۇچىلارمۇ مەكتەپكە كىرىشتە ياكى ئۆيگە قاي- تىشىدا دەپتەر - قەلەمدىن ئېشىنغان بىر نەچچە موچەن ياكى يەپ بولالمىغان نانلىرىنى بېرىشەتتى. ئايال نەچچە يۈزلەپ بالا ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ ئالدى، يەنە كېلىپ چوڭ يول بويىدا مۇشۇ ئوقەت بىلەن ھەر كۈنى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقۇدەك پۇل، نەرسە - كېرەك يىغىۋالاتتى، خالتىلىرىمۇ كۆتۈرەلمىگۇ- دەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ كۈن بويى شۇ يەردە گويا بىر ياققا كېتىپ قالسا ئورنىنى بىرى ئىگىلىۋالىدىغاندەك تاڭ سەھەردىلا پەيدا بولاتتى. ئوقۇغۇچىلار دەم ئالغان تەتىل، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدىلا مەدەنىيەت ساراي ئالدىدا، چوڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ ئىشىك تۈۋىلىرىدە.ھېلىقى بالىنى كۆتۈرۈپ، ئۆتكەن - كەچكەن- لەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، كېسەل بالىسىغا ياردەم قىلىشنى، يۇرتىغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن يول كىراسى بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. ئۇ ئەنە شۇ تەرىقىدە تىلەيتتى، يىغلاتتى، كۈن بويى، يىل بويى تىلەپ يىغلاتتى. لېكىن تېگى يوق قۇدۇقتەك ئۇنىڭ كېمى، تەلەپ ئېھتىياجى ھېچ قانمايتتى. كىشىلەرمۇ بۇ ئايالنىڭ ئاغ- رىق بالىسى قاچان ساقىيار؟ ئۆيگە قاچان قايتىپ كېتەر دەپ سورىمايلا ئاتىغىنىنى بېرىپ يولىغا راۋان بولۇشاتتى.

ئايال مەدەنىيەت سارايى بىلەن ماگىزىن ئالدىدا ئوقەت قىلغانلىرىدا بىرەر جايدا ئولتۇرمايتتى. ئۇ ساقايماس بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى چىڭ يۆگەپ قوياتتى - دە، تىلىسە بىر نەرسە بېرىشنى تەخمىن قىلغان بىرەر ئەركىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «غوجام، بالامنى داۋالاتقىلى نىيىدىن كېلىۋېدىم، پۇلۇم تۈگەپ قېلىپ قىينىلىپ قالدىم، ئازراق پۇل بېرىپ تۇرغان بولسىلا»

دەيتتى. ئەگەر بىرەر پۇزۇر كىيىنگەن، ئىللىق چىراي ئايال ئۆتۈپ قالسا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «جېنىم خېنىم، يولدىشىم قازا قىلىپ كېتىۋىدى، تۇللۇقنىڭ دەردى يامانكەن، بالام كېسەل بولۇپ داۋالىتىشقا پۇل يوق، ئازراق ياردەم قىلغان بولسىلا» دەيتتى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرغۇدەك ئىلتىجاسىنى، يېلىنىشىنى ئاڭلىغان «خېنىم» بىلەن «غوجام» ئاخىرەتنىڭ ساۋابلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر بىر نەرسە بېرىش ئۈچۈن يانچۇقىنى كولىشاتتى.

ھاۋا ئوچۇق بىر يەكشەنبە كۈنى سائەت 11 لەردە، مەن ئۇ ئايالنى بالىسىنى قۇچاقلىغان ھالدا، كىشىلەر «دالۇ» دەپ ئاتايدىغان تۆت قەۋەتلىك ماگىزىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. يېنىمدا ئايالىم بار ئىدى. ئۇنىڭ بالىسى ھەمىشە ئۇخلايتتى؛ قۇچىقىدىكى چاغدىمۇ، يەردە ياتقۇزۇپ قويغاندىمۇ ئۇخلايتتى، ئويغاق ھالدا ئولتۇرغىنىنى ھېچ كۆرمىدىم.

چوڭ رەستىگە جايلاشقان بۇ ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا كەچ كىرگۈچە ئادەملەر كۆپ بولاتتى. بىكار تەلەتلەر، پايپاق، پېتەك يايمىچىلىرى، قاشتېشى، كونا بۇيۇم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، قارت ۋە ھالقا ئېتىپ تەلەي سىنايدىغانلار ماگىزىن ئالدىدىكى مەيداندا پائالىيەت قىلىشاتتى. مەن كەلگەندە بۇ ئايالدىن باشقا يەنە ئاشۇ دېمەتلىك بالا كۆتۈرۈۋالغان چوكانلاردىن ئۈچ - تۆتى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرەتتى. بۇنداق بالا كۆتۈرۈپ، ئۆتكەنلا كىشىدىن ياردەم تىلەيدىغان ياش چوكانلار بۇ شەھەردە كۈنسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇلار خېلىلا ياخشى كىيىنگەن، قارىماققا كىشىگە تىلەمچى دېگەن تەسىراتنى بەرمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى، گەپ - سۆز، چىراي ئىپادىلىرى، ئادەمنى راستتىن «بىرەر

پىشكەللىككە ئۇچرىغان بولسا كېرەك» دېگەن ئويغا سالاتتى. ئايال بۇ قېتىم يۈزىنى يېرىم ئېچتۇەتكەندى. ئۇنى ئىلگىرى مەكتەپ ئالدىدا كۆپ قېتىم ئۇچراتقان بولسامۇ لېكىن غۇنچە بويى، زىلۋا بەستىدىن باشقا چىرايىنى تازا ئېنىق كۆرەلمىگەندىم. ئايال خېلى ـ خېلى ئەركەكلەرنى جەلپ قىلالىغۇدەك ئوتتۇرا بوي ئاق، ئەگمە قاشلىرى ئاستىدا كىيىك كۆزلىرى كىشىگە غەمكىن ئىپادە بىلەن قارايدىغان چوكان ئىكەن. يۈزلىرى سەل ئۇزۇنچاقراق بولۇپ، ياش ئاياللارغا خاس نازاكەت، ئويچانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىكەن. بېشىدىكى ياغلىق ئېچىگە پاتماي، ساغرىسىدا مەجنۇنتالدەك ساڭگىلاپ تۇرغان توم قارا چاچلىرى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىكەن. «ھەي ئىسىت، مۇشۇنداق گۈزەل چىراي، كېلىشكەن قامەت بىلەن قانداقسىگە بۇ يولغا كىرىپ قالغاندۇ، ئىسراپ بوپتۇ» دېدىم ئىچىمدە.

— كادىر غوجام، گۇمىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىن بالامنى داۋالاتقىلى كېلىۋىدىم، دوختۇرغا تۆلىگەن پۇل تۈگەپ قېلىپ چىقىرىۋەتتى، كىرىغا پۇل يوق، ئازراق ياردەم قىلغان بولسىلا، — دېدى ئۇ ئاشۇ كېلىشكەن چىرايىغا مىسكىنلىك، چارىسىزلىق تۈسىنى بېرىپ. بۇ قېتىم ئۇ يالغان ئېيتقانىدى. مەن ئۇنىڭ «نىيىدىن كەلدىم» دېگەنلىكىنى ئۆزىدىن ئاڭلىغان، بۇ قېتىم قاراپ تۇرۇپ «گۇمىدىن كەلدىم» دەيدۇ. ھەي ئالدامچى، «كېپەك ناندا قۇۋۋەت يوق. قەلەندەردە ئۇيات» دېگەن راستكەن ـ دە. ھىيلە ـ مىكىر، ساختىپەزلىك ئەۋج ئالغان بۇ جاھاندا ئۇنىڭ بۇنچىلىك يالغانچىلىقى ھېچنېمە. لېكىن، بۇ بىر ئايال ـ دە. مېنىڭ ھەممىگە، بىرەر ئىشنىڭ سىر ئەسرارىغا قىزىقىدىغان، سەۋەبىنى تەگلەپ كېتىدىغان كەسپىي كېسىلىم تۈپەيلىدىن ئويلىمايلا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— خېنىم، سىز زادى نەدىن؟ ئۆتكەندە نېمىدىن كەلدىم دەيسىز، بۈگۈن بولسا گۇمىلىق بولۇپ قالدىڭىز، راست گەپ قىلىسىڭىزچۇ؟ — بۇ سوئال بىلەن ئايالنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۇ يا بىر نېمە دېمەي، يا يېنىمىزدىن كەتمەي، بىر خام تامانىڭ كۆچى بىلەن جىمغىنا تۇردى.

— نېمە قىلىسىز ئۇنىڭ قەيەرلىكلىكىنى سوراپ؟ سىز ھەمىشە مۇشۇنداق مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىسىز، ئاتى-غىنىڭىز بولسا بېرىڭ، بولمىسا يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى ئايالىم تېرىكىپ ۋە يېنىدىن بىر كويلۇق تىزىدىن بىرنى ئېلىپ ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرگۈم يوق ئىدى. گەرچە مەن ئۆتە بېخىل، باغرى تاش ئادەم بولمىساممۇ ئەمەلىيەتتە قەلەندەرگە ئۆچ ئىدىم. ئۆزۈم بىۋاستە ئۇچراتقان بىر ئىش مېنى تىلەمچىگە نىسبەتەن مۇشۇنداق بىزار-لىق تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئانام دۇنيادىن ئۆتتى، ئۇنى ھەسسۇلتانىم مازىرىغا دەپنە قىلدۇق. ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى، سەدىقە، خەير ئېھسانىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلدۇق. بىر ئۆمۈر ماڭا ئانا ھەم دادا بولۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان، قولى قىسقىلىقىغا قارىماي يۇقىرى مەكتەپلەرگىچە ئوقۇتۇپ مائاشلىق قىلىپ قوي-غان ئانامغا ئاشۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. ئۆمرۈمدە بىرنى چەكمەي، بىرەر ئېغىز قاتتىق سۆز قىلماي، بىر چېچىنى كۆ-سەي، بىر چېچىنى سۇپۇرگە قىلىپ دېگىدەك مېنى خارلىق تارتقۇزماي چوڭ قىلغان ئۇ مېھرىبانىمغا جېنىمنىمۇ ئاتاشقا تەييار ئىدىم. بىر نەچچە يىلغىچە ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ئاجىز - ئورۇق، مېيىپلارغا سەدىقە بېرىپ تۇردۇم. ھاجەتمەن-لەر، كەمبەغەللەرگە ئامالىمنىڭ، پۇرسىتىمنىڭ يېتىشىچە يار-

دەم بەردىم. بۇ ساۋابلىق ئىشنى زادى ئۈزۈپ قويمىدىم. ھەر
پەيشەنبە، دۈشەنبە كۈنلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلىپ
يانغىنىمدا، بازارغا كىرىش يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر نەچ-
چە ئارغامچا بوي ئۇزۇنلۇقتا تىزىلىپ ئولتۇرغان قېرى - ياش،
ئەر - ئايال دېگەندەك جۇل - جۇل كىيىنگەن، كىم سەدىقە
بېرەركىن دېگەن تاما بىلەن كۆزلىرى لۆمۈلدەپ قارايدىغان
سايىللارغا ئالدىنئالا ئۇششاقلاپ قويغان پۇللارنى يېتىشچە بې-
رىپ تۇردۇم. بۇنداق سەدىقە بېرىشنى ئائىلىدە خىراجەتتىن
قىسىلغان چاغلاردىمۇ ئۈزۈپ قويماي، تاكى يېقىنقى ۋاقىتلارغى-
چە داۋاملاشتۇرغانىدىم. چۈنكى ئانامغا بولغان سېغىنىشىمنى،
ھۆرمەت ئىخلاسىمنى مۇشۇ ئىش ئارقىلىقلا ئىپادىيەلەيتتىم.
مۇشۇنداق قىلسام ئۆزۈمگىمۇ تەسەللى بولاتتى، .لېكىن يېقىن-
نىڭياقى بۇ ئىشتىن يالتىيىپ قالدىم. بۇ پۇلغا پايلىمىغانلىق-
تىن ئەمەس، سەدىقە بېرىدىغانلارنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىرىش
بولغانلىقى ھەم بۇ ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن ئاچ كۆز، چىدىماس،
ھەسەتخورلۇقىدىن ئىدى. ئۇلار بەزىدە بىر موچەن
ئۈچۈن بىر - بىرىنى بوغۇشۇپ ئۆلتۈرگۈدەك قىلىقلارنى
قىلىشاتتى. بىرەرى ئۇزاتقان ئازغىنا پۇلغا ئوننەچچىسى قول
ئۇزىتاتتى. ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ،
سەدىقە بەرگۈچىنىڭ قولىدىن پۇلنى تارتىپ ئالاتتى، شۇ ھالدا
تالاشقا چۈشكەن پۇل يىرتىلىپمۇ كېتەتتى. پۇل تەگمىگەنلەر
پۇل ئالغانلارغا ئالىيىپ، ھەسەتلىك كۆزى بىلەن قارايت-
تى. بىر - بىرى بىلەن خورازدەك بازغىشىپ ئۇرۇشاتتى. ئەڭ
ئېچىنارلىقى شۇكى: بۇ ئادەملەر ئەر - خوتۇن تىلەمچىلىك
قىلغاننى ئاز كۆرۈپ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلىرىنى، تېخى ئەم-
دى تىلى چىقىپ تەمتۇم ماڭغان سەبىيلەرنىمۇ يانلىرىدا ئولتۇر-

غوزۇپ، كىشىلەرگە قول تەڭلەشنى ئۆگەتكەنىدى. تېخى يوزلى-
رىنىمۇ يومىغان بۇ ئۇيقۇچان بالىلار پۇل سەدىقە قىلغان كىشى-
لەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، پەشلىرىگە ئېسىلىپ «ماڭىمۇ
بېرىڭ» دەپ، خېلى يەرگىچە باراتتى. بىرەر تال تەڭگە ياكى
بىر نەرسە ئالمىغۇچە كەينىگە يانمايتتى.

بۇ تىلەمچىلەر قاتارىدا قېرى، مېيىپلەر ئانچە جىق ئەمەس
ئىدى. ئەس - ھوشى جايىدا، پۇت - قولى ساق، بازاردا
مەدىكارچىلىق قىلسىمۇ كۈنىگە 20 - 30 كويغا ئىشلەيەلىغان
تەمبەل قىز - يىگىتلەرمۇ خېلى بار ئىدى. ئۇلار ئەمگەك
جاپاسىدىن قورقامدۇ ياكى كىچىكىدىن باشلاپ ئار- نومۇس،
خىجىللىق تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىنمۇ مۇشۇ يەردە خەق-
لەرگە يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ يۈزىنى سېتىپ تاپقان ئازغىنا
پۇل - پىچەك، ئاشقان بىلەن كۈن كەچۈرۈشەتتى،
بەرگەن سەدىقىنىڭ بەدىلىگە كىشىلەرگە جەننەت، بەخت، دۇنيا
ۋەدە قىلىشاتتى.

خېلى يىللار بۇرۇن بىر كىتابتىن مۇنداق بىر رىۋايەتنى
ئوقۇغانىدىم: «تۈرك يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە دىيانەتلىك، ئۆتە تەق-
ۋادار بىر پادىشاھ ياشاپتىكەن، ئەمما ئۇ قەلەندەر، سوپى،
دەرۋىشلەرگە بەك ئۆچ ئىكەن، ئۇلارنىڭ تەلىم- تەرغىباتلىرىغا
ئىشەنمەيدىكەن. پادىشاھ ئۆز تەۋەلىكىدە تىلەمچى سايىللار كۆ-
پىيىپ كەتكەندە، ئۇلارنى ئۇستىگە ئىنچىكە سىم تاناپ تارتىلغان
چوڭقۇر كۆل ئەتراپىغا يىغىپ: ‹سىلەر ئۆز دۇئايىڭلاردا كىشى-
لەرنى بەرگەن سەدىقىسى ئۈچۈن ئاخىرەتتە پىلسىرات كۆۋرۈكى-
دىن يېتىلەپ ئۆتكۈزۈپ جەننەتكە باشلاپ بارماقچىغۇ، قېنى
مۇشۇ پانىي دۇنيادا بۇ سىمدىن ئۆزۈڭلار بىر ئۆتۈپ بېقىڭلار،
سىمدىن ئۆتەلىسەڭلار بىز دېگەنلىرىڭلارغا ئىشىنىمىز، › دەپ

ئۇلارنى سىمدىن مېڭىشقا زورلايدىكەن، تىلەمچى دەرۋىشلەر سىمدىن يىقىلىپ رەسۋا بولىدىكەن، بەزىلىرى شۇ يەردىلا خاراب بولىدىكەن». پادىشاھنىڭ بۇ قىلمىشى گەرچە رەھىمسىزلىك، سەل چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك بولسىمۇ، لېكىن بىزنى «ھەي سايىل، بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭ كېچە ـ كۈندۈز دۇئا ـ تەلەپ قىلىپ، تىلەپ، تەلمۈرۈپ ئېرىشەلمىگەن جەننەت بىلەن بەختكە باشقىلارنى قانداقمۇ ئېرىشتۈرەلەيسەن» دېگەن شۇبھە، گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. گاھىدا «توۋا، بۇ زادى قانداق ئادەملەر-دۇر» دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە. قوشنىمىزدىن بىرەر قوشۇق توز ئۆتنە ئېلىشقىمۇ ئۇيىلىپ قالىمىز، لېكىن بۇلار تېرىغۇدەك يېرى، باغ ـ ۋارانلىرى بار، پۇت ـ قولى ساق تۇرۇپ مۇشۇن-داق ئۇياتلىق ھايات يولىنى تاللىسا ـ ھە؟! ئۆزۈمگۇ تىلەمچى-لىك قىپتىمەن، بالىلىرىم بولسىمۇ مۇشۇ يولغا كىرىپ قالمى-سۇن، ھالال ئىشلەپ ئۆز نېنىنى تېپىپ يېسۇن دېيىشنى بىلمى-سە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نېسىپ بولمىغان بەخت ـ تەلەي بىزگە ئاشارمۇ؟

بىر پەيشەنبە كۈنى مازاردا سەدىقە بېرىۋېتىپ قوللىرىنى تەڭلەپ تۇرغان بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا دېدىم:

ــ سىلەر بۇ نارەسىدىلەرگە مۇشۇ ئىشنى ئۆگەتمىسەڭلار، قانداق؟ ھەر قايسىڭلارغۇ قىيىنچىلىق زامانلاردا مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغانسىلەر، ئەمما بۇ بالىلارغا تېخى نېمە تۇرمۇش؟ ھازىردىن باشلاپ ئىشلەپ يېيىشنى ئۆگەنسە بولمامدۇ؟ ــ گې-پىم ئۇلارنىڭ قېتىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى.

ــ ئەمدى بۇ ئاتا كەسپى ھۇنىرىمىزكەن غوجام، تى-رىكچىلىكىمىز ئەزەلدىن مۇشۇنىڭ بىلەن بولىدۇ، يوقسۇزلۇق يامان، ــ دېدى بالىنىڭ ئاتىسى بىرى ئۇزاتقان ئىككى موچەن

پۇلنى ئېلىپ كۆڭلى تىنىغاندىن كېيىن.

مەن بىھۇدە ئاۋارە بولغىنىمنى ھېس قىلىپ يولۇمغا ماڭ-دىم. كىتىۋېتىپ ئويغا چۆمدۇم: «ئاتا كەسپى ھۈنىرىمىز» دې-گىنى قانداق گەپتۇ؟ شۇمۇ كەسىپ ھۈنەرمىش تېخى، يۈزىنى قېلىنشىتىپ قول سوزۇپ جان باقىدۇ شۇ. ئوقۇۋاتقان چاغلى-رىمدا تارىخ مۇئەللىمى «بەزى ناھىيىلەردە ھابدال دەيدىغان ئايرىمچە تىللى بار بىر قوۋم بار، ئۇلار بىر زامانلاردا ئافغانىس-تاننىڭ ۋاخان تاغلىرى ئەتراپىدا كېسەل تارقاپ، بۇ يەرلەرگە كېلىپ ماكانلىشىپتىكەن. دەريانى توسۇپ بوز يەر ئېچىپ تې-رىقچىلىق بىلەن جان باقىدىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قولاق تېشىش، ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدى-كەن، تىلەمچىلىك قىلىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەسكەن» دەپ، چۈ-شەنچە بەرگىنى ئېسىمدە. بۇلار شۇلارنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادلىرى ھەقاچان. ھازىر خەتنە قىلىدىغان ھۈنەرلىرىنىمۇ دوختۇرلارغا ئۆتۈنۈپ، خاس سەدىقىغە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋېتىپتۇ — دە، ھەي، نومۇسنى بىلمەيدىغانلار. .

شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئايالنى كۆپىنچە مەكتەپنىڭ ئال-دىدا، گاھىدا ماگىزىن ئالدىدا ئۇچرىتىپ تۇردۇم. بالا ھامان ئۇنىڭ قۇچىقىدا ياكى يېنىدا ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان، ئانىسى بولسا ئۆتكەن — كەچكەنلەردىن ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن چىرايىنى سارغايتىپ ياردەم تىلەيدۇ. پۇل سورايدۇ. ئاھ ئانىلار، بىچارە ئانىلار! ئۆز باللىرىنى بېقىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمايدۇ-ھە؟! تەقدىر — قىسمىتى نائېنىق، ھايات — ماماتى كىشىنىڭ قولىغا باغلىق بولغان بۇ شور پېشانە ئايالغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاخىر يۈز بەردى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق ئىدى، قار ھاۋاسى تەننى خېلىلا توڭغۇ-
راتتى. غەربىي جەنۇبتىن كېلىۋاتقان قىش شەلكىنى يۈز -
كۆزلەرنى ھەرىدەك چاقاتتى. قېلىن كىيىنىشكەن شەھەر ئاھا-
لىسى ئۆيلىرىگە، يەنە نەلەرگىدۇر ئالدىراش مېڭىشماقتا ئىدى.
مەكتەپتىن چۈشلۈك تاماققا ئۆيلىرىگە مېڭىشقان بالىلارنىڭ ۋا-
راڭ - چۇرۇڭى، يولدىكى ماشىنىلارنىڭ گۈدۈكلىرى قۇلاقنى
ياراتتى. مەن ئىشتىن يېنىپ، بۇ يىل ئەمدىلا 6 - سىنىپقا
چىققان كەنجى ئوغلۇمنى ئۆيگە ئالغاچ كەتكىلى بۇ يەرگە كې-
لىپ، ئۇنى ساقلاۋاتاتتىم. ھېلىقى بىگانە ئايال يەنىلا شۇ ئورۇن-
دا قېلىن، كونا قارا پەلتوغا ئورالغىنىچە ئولتۇراتتى. بالىسى
سول يېنىدا خالتا- بوخچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ياتقاندەك قىلاتتى.
ئايال بالىنىمۇ، يېنىدىكى يىغقان - تۆككەن نەرسىلىرىنىمۇ
ئۇنۇتقان ھالدا، ئالدىدىن ئۆتكەنلەرگە قول سوزاتتى.
— بالىلىرىم، ياردەم قىلىڭلار، مۇشۇ ئاغرىق بالامنى
داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن پۇل بېرىڭلار. . . — ئايال بۇ مەك-
تەپ بالىلىرىنىڭ يېنىدا كۆپ پۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ باغرى يۇمشاق، رەھىمدىل كېلىدىغانلىقىنى،
كىچىك بالىلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغانلىقىنى بىلگەچ مۇشۇ يەرنى
تاللىغانىدى. ئۇلار ئاز بەرسىمۇ لېكىن كۆپتىن، بىر نەچچە يۈز
بالىدىن كىرىم بولاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئايال ئۈچۈن بۇ
يەردە «گوللىغىلى بالا ياخشى» ئىدى. مەن تۇرغان يېرىمدىن
سىلجىپ، ئۇ تۇرغان جايغا يېقىنراق بېرىپ، بالىلارنىڭ ئايالغا
قانچىلىك بىر نېمە بېرىدىغانلىقىنى كۆزەتتىم. بۇ ئايال ھەقىقە-
تەن ئەقىللىق ئىكەن، بۇ يەردە ئوقەت قىلىشنى تاللاپ خاتالاش-
مىغانىكەن. مەكتەپتىن بوراندەك چىقىۋاتقان بالىلارنىڭ گاھى-
لىرى 1 - 2 كوي، ئەڭ ئاز بەرگەنلىرىمۇ بىر نەچچە تەڭگە

پۇل، پىشۇرۇلغان گۆش، ئۈزۈم، ياڭاق، ئۇشتۇلمىغان نان قاتارلىقلارنى تەڭلەيتتى. ئايالنىڭ ئاغزى ئاران «رەھمەت بالام، خۇدا رەھمەت قىلسۇن» دېگەنگىلا ئۈلگۈرەتتى. پۇل بەرگەنلەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بالىلار سەندىن مەن قالارمەنمۇ دەپمۇ ئۇنىڭغا پۇل بېرەتتى. مەن قاراپ تۇرغان ئاشۇ ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئايالنىڭ ئالىقىنىدا پۇل خېلىلا ئاۋۇپ قالدى، ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. شۇ ئەسنادا سېمىز، بادام دوپپا كىيگەن، ئوقۇغۇچىلار فورمىسى بەستىگە خوپ ياراشقان، چېھرىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرغان 14 ياشلاردىكى بىر بالا ئايالنىڭ ئالدىدا ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ يېنىدىلا زوڭزايدى ـ دە:

— ھەدە، بۇ بالىڭىز دائىم ئۇخلايدىكەنغۇ، ھەمىشە كۆرسەم ياتىدۇ، ئۇخلايدۇ، ئۇ نېمىشقا ئورنىدىن تۇرمايدۇ؟ بىر نەرسە يېمەمدۇ ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كېسەل، غوجام، ھازىرلا ئۇخلىدى، — ئايال شۇنداق دېگىنىچە بالىنىڭ يۇزىدىكى ياغلىقنى تېخىمۇ چۈمكەپ، ئۈستىدىكى يېپىنچىنى تۈزەپ قويدى. كۆڭلىنى ھەيرانلىق، تەئەججۇپ ئىگەللىۋالغان بالا شۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمىدى. بەلكىم ئۇ ئايالغا پۇل ـ پۇچەك بەرگەن چاغلىرىدا ھەمىشە ئۇخلايدىغان، ئورنىدىن تۇرمايدىغان بۇ بالىدىن گۇمان قىلغان بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى قىلىشىنى كۆزىتىپ دىققەت قىلدىم. ئۇ ھەممىگە قىزىققىدىغان بالا بولسا كېرەك:

— ھەدە، ئەمىسە تىنىق چىقمايدۇغۇ بالىڭىزدىن؟ يا مىدىرلىمايدۇ، بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئايالنىڭ ئىجازىتىسىزلا بالىنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېچىۋەتتى. ئېچىۋەتتىيۇ ھەيرانلىقتىن يوغان كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى. ئۇ بىردە ساراسىمىگە چۈشكەن ئايالغا، بىردە بالىغا

قارايتتى. چىمەن دوپپىلىق بالا ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەرگە
بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن چۆشەك ئىچىدىن بالا سىياقىدىكى
چوڭ قورچاقنى يۇلۇپلا ئالدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر ـ ئىككى
ياشلىق بالا چوڭلۇقىدىكى ئويناپ كونىرىغاندا تاشلىۋەتكەن قور-
چاق ساڭگىلاپ تۇراتتى.
ــ ئالدامچى، قاراڭلار بۇ مەككار خوتۇنغا، قورچاقنى
بالام دەپ بىزنى ئالداپتۇغۇ بۇ.
بالا بىلەن ئايالنىڭ يېنىغا يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر، يېقىن
ئەتراپتىكى دۇكانچى، تىجارەتچىلەر چاقىرغاندەكلا يىغىلدى.
مەنمۇ ئىشنىڭ نېمە بولارىنى بىلىش ئۈچۈن توپ ئارىسىغا قىس-
تالدىم. كىشىلەر نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەك ئۈچۈن بىر ـ
بىرىدىن سورىشاتتى. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا «ئالدامچى، قور-
چاقنى بالام دەپ كىشىلەرنى ئالداپتۇ» دېگەن سادا ياڭرايتتى.
ئىشنىڭ تەكتىنى بىلگەنلەر ئايالغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىشىپ
«بىر ئايال تۇرۇپ قىلغان ئىشىنى، ھۇ ساختىپەز» دېيىشەتتى.
ئايال بولسا قوللىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ مىشىلداپ يىغ-
لايتتى. توپ ئارىسىدىكى چوڭلار، كۆپنى كۆرگەنلەر بۇ قورچاق
ئويۇنىغا ئۈنچىۋېلا ھەيران بولۇشماي، جىددىيلەشمەي «بۇ جا-
ھاندا نېمە ئىشلار بولمايدۇ» دېيىشىپ، بىر ـ بىرلەپ يوللىرىغا
كېتىشتى. بىراق ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا بولدى قىلىشمى-
دى. ھېلىقى يىرتىق قورچاقنى كۆتۈرۈشۈپ، قولدىن ـ قولغا
ئۆتكۈزۈشۈپ ئايالنىڭ ساختا قىلمىشىنى سازايى جاھان قىلىش-
ماقتا. ئاز ئۆتمەي مۇشۇ رەستىدە بۇ ئىشنى بىلمىگەنلەر قالمى-
دى. بەزىلىرى ھەتتا خىجىللىقتىنمۇ ياكى قورقىنىلىقتىنمۇ بې-
شىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ يىغلاۋاتقان ئايالغا مېۋە شۆپەكلىرىنى،

كېسەك پارچىلىرىنى ئاتقىلى تۇردى. رەھىمسىزراق باللار ئۇنى «ئالدامچى» دەپ بېقىنلىرىغا تېپىشەتتى. بۇ كەلگۈلۈك ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا نىسبەتەن جايىدا، ھەق ئىدى. مېنىڭمۇ بۇ ساختىپەزلىككە تازا ئاچچىقىم كەلگەنىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ۋۇجۇدۇمدا بىر ئىنسانىي تۇيغۇ غەليان قىلىپ، ئايالنى قوغداشقا بۇيرۇيتتى. ئۇ گەرچە مەككارلىق قىلغان بولسىمۇ يەنىلا بىر ئاجىزە ئايال، چىرايلىق ياۋاش ئايال، مەن بولسام ئوقۇغان، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكەن بىر ئەر، قاراپ تۇرۇپ بىر ئايالنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق خورلىنىدشىنى كۆرۈپ تۇرۇش ماڭا مۇناسىپ ئەمەس . . .

— بولدى قىلىڭلار، ئۇرماڭلار، — دېدىم باللارنىڭ ئالدىغا كېلىپ. ئايالغا چېقىشۋاتقانلار مېنى بىر باشلىق دەپ پەرەز قىلدىمۇ ياكى سالاپىتىمگە ھۆرمەت قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر گېپىمنى ئېلىك ئېلىپ دەرھال جىم بولۇشتى. قارىغاندا ئايالمۇ بۇ رەسۋاچىلىقتىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغاندەك، خىجىل بولغاندەك قىلاتتى. يىغقان پۇل - پىچەكلىرى، نەرسىلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بالا ئورنىدا خىزمەت قىلغان قورچاق نەچچە پارچە بولۇپ، كىشلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا يانچىلىپ ياتاتتى. ئايالنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ھەقىقەتەن ئېچىنارلىق ئىدى. بۇ بىتەلەي ئايالنىڭ مۇشۇ دەقىقىدە بېشىغا كەلگەن قىسمەت قايسى بىر شائىرنىڭ مۇنۇ بېيىتىدىكى مەنىنى ئېسىمگە سالغانىدى:

نە رەسۋا كىشى ئېرۇر نەپسى ئۈچۈن خار،
ھەر كىم ئىشىكىدە يۈرسە خارۇ زار.

هايا يوق، شەرمى يوق ھەرگىز ئۇلاردا،
دېيىلگەن دانالار يازغان نۇسخىلاردا.
كېچە ـ كۈندۈز كىشىنىڭ قۇتى يەتسە،
ھارام ئەرمىش ئۆزىنى سايىل ئەتسە.
نەبى ئەيتتى① قىيامەت بولسا، ئەي دوست،
تاماگەرنىڭ يۈزىدە بولمىغاي پوست.

مەن بالامنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋېتىپ، ئايالنى يېقىنلا يەردىكى ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىردىم. ئېھتىمال ئۇ بۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتكە تۇنجى قېتىم دۇچ كەلگەن بولسا كېرەك، بوغچىلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاچ مىشىلداپ يىغلايتتى، ئۆكسىيتتى. ئۇ ئۇستەلگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئالدىغا بىر تەخسىدە مانتا كەلتۈرۈپ، يېيىشنى ئۆتۈندۈم. لېكىن ئۇ تاماققا ئېغىز تەگمىدى، ئەمما مېنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياردىمىمگە مىننەتدار بولغان بولسا كېرەك، ئۆز شاپائەتچىسىگە قارىغاندەك ياشلىق كۆزلىرىدە مېھىر بىلەن باقتى.

— سىڭلىم، — دېدىم ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا، — قانداق قىلىپ بۇ يولغا كىرىپ قالدىڭىز؟ ئۆزىڭىز تۇزۇكلا بىر قىز كەنسىز، سىزگە بۇ ئالدامچىلىقنى كىم ئۆگەتتى؟ — ئايال ئۈندىمىدى. ئۇ يىغلايتتى، ئۆكسىيتتى. ئۇ راستتىن ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سوراپ قالدىلا ئەمدى، بايا سىلە بولمىغان بولسىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەرمىدىكى ئۇلار، ئۆزلىرىدىن رازى بولدۇم،

① نەبى — پەيغەمبەر ئىسمى

ـاڭا ياخشىلىق قىلغان بولسىلا باللىرىغا قىلالا ئاكا. ئېرىمگە ياتلىق بولۇپ بىر يىل ئىچىدە ئانام بىلەن دادام ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قالدىم. بارىدىغان، ئىچىم پۇشسا يامانلايدىغان يېرىم يوق، ھەممىسى بولغۇدەك تۇزۇكرەك تونۇشۇم يوق، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز كېلىدىكەن، ئېرىڭ نېمە قىل دېسە شۇنى قىلماي ئامال يوقكەن. . . ، — ئايال سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى جىمغىنا ئولتۇرۇپ كۈتتۇم. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن ماڭا سىنچى نەزەرى بىلەن قارىدى. مەن ئىشنى تېخىمۇ تەگلىمەكچى بولۇپ سورىدىم:

— بۇ ئىشنى شۇ ئېرىڭىزنىڭ زورى بىلەن قىلدىڭىزمۇ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — ئايال بىر نېمە دېمەي يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلەتتى.

— قانداق يارىماس ئەر ئۇ، ئۆز ئايالىنى ئىشلەپ باقماي تىلەمچىلىككە سالىدىغان؟ يا ئۇ مېيىپمۇ؟ — ھاياجانلانغانلىقىمدىن ئاۋازىم سەل ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئايالنىڭ چېھرىدە ئەندىكىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. مەن دەرھال كەيپىمنى تەڭشەپ ئايالغا ئىللىق مۇئامىلە بىلەن سۆزلىدىم، — نېمە گەپ بولسا، ھەر قانداق دەردىڭىز بولسا، ماڭا دەڭ سىڭلىم، بەلكىم سىزگە ياردىمىم تېگىپ قالار.

— دەسلەپ توي قىلغان چاغلىرىمىزدا ئۇ ئانچە ئەسكى ئەمەس ئىدى، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئىككىمىز ئىشلەپ تۆت مو يەرنى كۆكەرتتۇق، چىققان ھوسۇلىمىز يىلغا چىقىشىمىزغا يېتەتتى. نېمىش بولدىكىن يىل ئۆتكەن-

سىرى قەرزگە بوغۇلۇپ قالدۇق. يوقسۇزلۇقتىن تۇنجى بالىمىز كېسەل تەگكەندە داۋالىتالماي ئۆلۈپ كەتتى. كەنتتە تۆلەيدىغان جەرىمانە، سېلىقلارنى تۆلىيەلمەي، تەشكىلنىڭ ئالدىدا ئەسكى، كادىرلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئاتا - ئانىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك ئۆي - بىساتلارنى سېتىپمۇ ھالىمىز ياخشىلانمىدى. ئېرىم ئانچە - مۇنچە ئوقۇغان، بالا ئىدى؛ ئۇنداق ئادەم زۇكۇنچى بولىدىكەن، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم سوقۇشتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم پەيچۇسوغا كىرىپمۇ چىقتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ كەيپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، ياتقىنى ياتقان، نەسىھەتمۇ ئاڭلىمايدۇ. ئۇ چېكىدىغان نەس نەرسە بازاردا خېلى قىممەت ئىكەن، ئۇنىڭ شۇ ئادىتى بىلەن مۇشۇ كۈنگە قالدۇق. . .

ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭدىن قايتا سوئال سوراشقىمۇ رەۋىتىم قالمىغاندى. «ئاشۇ كوچىلاردا تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن ياش، چىرايلىق ئاياللارنىڭ ئۆز ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى، مەنىۋىيىتىنى يەرگە ئۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈشتىكى ماڭغان يوللىرى مۇشۇ ئايالنىڭكى بىلەن ئوخشاشمىدۇ؟ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يەنە قانچىلىغان قىزلار كوچىغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ قولىغا تەلمۈرەر؟ . . . ئۆز خىياللىرىمدىن ئۆزۈم سەسكىنىپ كەتتىم. توۋا، مۇشۇ ئايالدا كوچىلاردا خارلىنىپ تىلەۋەتقان ئاشۇ ئاياللاردا گۈزەللىك سېزىمى، كېلەچەككە بولغان گۈزەل ئىنتىلىش، ياخشى، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىستىكى يوقمىدۇ؟ ئۇلارمۇ بىر ئىنسانغۇ؟ ئۇلار ھەرگىزمۇ قالدى - قاتتى، ئاشقان - تاشقان نەرسىلەر بىلەن قورساق تويسا، ئاددىي ھايۋانىي تەلەپ قاندۇرۇلسا، شۇنى ھاياتنىڭ مەقسىتى دەپ چۈ-

شەنمەيدىغاندۇ بەلكىم. . .»

— سىزنى تىلەمچىلىككە ئاشۇ ئېرىڭىز چىقاردىمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا چاي قۇيۇۋېتىپ. بۇ مېنىڭ ئايالدىن سورايدىغان ئاخىرقى سوئالىم ئىدى.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دەپ سۆز باشلىدى ئايال خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — قولىمىزدا تىيىنى يوق كۈنلەر ئىدى. بىر ياشقا كىرىپ قالغان بالام ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. قوشنا - قولۇملاردىن ئۇنى داۋالاتقۇدەك پۇل سورالمايتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھال كۈنى بىز بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق ئەھۋالدا قالغاندۇق. ئېرىمنىڭ ئىچى پۇشۇق، ئەر كىشى دېگەنگە تەڭلىك يامان. نومۇس كۈچىدىن بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزۈملا كېسەل بالىنى كۆتۈرۈپ، بىرەر رەھىمدىل كىشىنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ، ئۇنىڭغا دېمەيلا شەھەرگە يول ئالدىم. دەسلەپكى كۈنلەردە راست گەپ قىلدىم. بالىنىڭ ھالىنى كۆرگەنلەر ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل بېرىشتى. قارىسام، قولۇمدا خېلى بىر نېمە بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنى دوختۇرغا ئاپىرىپ كۆرسەتتىم. ئەمما دوختۇر بۇ پۇل بىلەن بالىنىڭ كېسىلىنى ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، مىڭ يۈەن ئەكىلىشىمنى ئېيتىپ، نەچچە تال دورا بىلەن يولغا سالدى. بىزدە ئۇنچىۋىلا پۇل نېمىش قىلسۇن؟ نەچچە كۈن ئۆتمەي بالا قازا قىلدى. ئۆلمەك ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، دەرد ئۇستىگە دەرد تارتتۇق. لېكىن ئادەمنىڭ جېنى چىڭ نېمىكەن، ئاسانلىقچە قەپىسىدىن چىقىپ كەتمەيدىكەن، يەنىلا تىرىك يۈرۈشكە توغرا كەلدى. دەمال بېلىمىزنى رۇسلىغىلى بولمىغاندىكىن، ياكى ئېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ بىرەر ئامال قىلمىغاندىن كېيىن، ھې-

لىقى قورچاقنى تېپىپ يەنە شەھەرگە كىردىم. مۇشۇ گال، قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى مېنى قايتا - قايتا كىرىش- كە، ئاشۇ ئامالنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. تاپقىنىم ئىككىمىز- نىڭ گېلىغا، ئېرىمنىڭ خۇمارىغا ئاران يېتىدۇ. . .

ئايالنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى يەنە يىغىغا ئۇلىنىپ كەتتى. ئۇ بارغانسېرى ئۇنلۇك يىغلاشقا باشلىدى، يوغان كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن توختاۋسىز ياش قۇيۇلاتتى.

مەن ھەممىنى چۈشەنگەنىدىم. مۇشۇ ئايالنىڭمۇ، ئاشۇ كو- چىلاردا ھازىرمۇ تېنەپ يۈرگەن ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ چۈشەن- گەندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىغاندەك، بىللە دەرد تارتقاندەك ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم. قەلب تۆرىمدىكى نۇرغۇن مۇئەممالىق مەسىلىلەرنىڭ چىگىشى يېشىلگەندەك قىلاتتى. ئاھ، پەلەكنىڭ گەردىشى، سەن ھەمىشە گاھىدا ئوڭ، گاھىدا تەتۈر چۆرگىلەپ، ئادەمنى ئالداپ، گاڭگىرىتىپ قويىسەن.

مەن ئايالغا تەسەللى قىلدىم، ئۆز ئاتىسىدەك چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ياسىدىم. ھاياتقا ئۈمىدلىك قاراشنى، ئىمكان بار بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىپ، ئىشلەپ يېيىشنى ئۆتۈندۈم ھەم ئۆزۈمنىڭمۇ ياردەم قىلىدىغانلىقىمنى، بىرەر مۇ- ۋاپىق ئىش ئىزدەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەپسىلىي ئادرېسىنى سورىۋالدىم - دە، قولىغا 20 يۈەن تۇتقۇزۇپ چىرايلىق خوشلاشتىم. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ قانچىسىد- نى ئورۇنلاشتۇرالايتتىم؟ بۇنداقلار كوچىدا كۆپ تۇرسا. . .

※ ※ ※

شۇ ئىش بولۇپ ئەتىسى مەن ھېلىقى ئايال ھەققىدە كۆر-

گەن، ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا قارىتا باھا، قاراشلىرىمنى بىر ئوقۇتقۇچى دوستۇمغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ مەكتەپتە سىياسىي ئىقتىساد كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ شۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە ئۇ ئايالغا ۋە شۇنداقلارغا ئارتۇقچە ھېسداشلىق قىلىشقىمۇ ۋە ناتوغرا يولدا مېڭىپ قاپسەن دەپ كەمسىتىشكىمۇ بولمىسا كېرەك، بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىشلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ يولدا مېڭىپ قېلىشىدا خۇددى «دەرەخ بولمىسا قاغا قونمايتتى، قاغا قونمىسا ئېشەك ئۈركمەيتتى، ئېشەك ئۈركمىسە دادام ئۆلمەيتتى» دېگەندەك، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر رول ئوينىغان بولىدۇ. مەسئۇلىيەت ئاشۇ ئايالدىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ بار. ئۇلار ياشاۋاتقان نامراتچىلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، قالاق ئىجتىمائىي مۇھىت كىشىلەرنى يىراق-نى كۆرەلمەيدىغان، غايىسىز، تەپەككۇرى گال، تەبىئەت، جەم-ئىيەت ئالدىدا ئاجىز قۇللارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بىز كىشى-لىك جەمئىيەتنى، بىرەر ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەتقىق قىلغان-دا، چوقۇم ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەھلىل ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. كىمكى ئىقتىسادىي ئورنى ناچار بولسا، ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولىدۇ، باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىدۇ. پۇلى بار، باي ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ھەر ئىشقا ئامالى بولىدۇ، گېپى ئۆتىدۇ، تەپەككۇرىمۇ قاناتلىنىپ، ھەر قانداق ئىشنى ياخشى ئويلىيالايدۇ، ئۇنىڭغا كۆز ئالدىمىزدا مىساللار كۆپ. ئىشەنمىسەڭ سەن بىر - ئىككى كۈن نانسىز، پۇلسىز يۈرۈپ باق، ھالىڭ نېچۈك بولىدىكەن، قورساق ئاچلىقتا روھىڭ چۈ-شۈپ، غەيرىتىڭ يوقاپ، پۇلدارلار ئالدىدا ئېگىلىپ «خوش غوجام» دەيدىغان بولىسەن، تونۇگۈن ئۆيۈڭگە يېلىنىپ نان

سوراپ كەلگەن غېرىب دىۋانىمۇ ھاجىتىدىن چىققۇدەك پۇلغا ئېرىشسۇن قېنى، ساڭا گىدىيىپ قارايدىغان بولىدۇ، نېمە دېسەڭ، نېمە دەپ ھۆركىرەيدۇ، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن.

مەن راستىنلا ھەممىنى چۈشەندىم، قەلەندەرلىك قىلىشنىڭ، پۇل تېپىش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم. ھازىرقى كۈنۈمگە شۈكۈر، ھەممىمىزگە خۇدا ياخشى كۈن نېسىپ قىلسۇن.

# ئىبرەت يالدامىسى

ئۇلۇغ مۇتەپپەكۇر شائىر ئەمىر نەۋائىينىڭ نەزمىلىرىدە:

خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
سەۋادى ئۆزرە جەننەت جان فىشاندۇر.
. . . . . . . . . . . . . . . . . .
هەر ئاندا تورت باغى رەۋزە ئايىن،
ئىچىدە تورت قەسىرى خولىد تەزيىن.
. . . . . . . . . . . . . . . . . .
سىمەنبەرلەر بارى زىباۋۇ نازۇك،
هۇنەرۋەرلەر بەغايەت چۇستۇ چابۇك.

دېيىلگىنىدەك ئىلچىنىڭ يورۇڭقاش دەرياسىغا يانداشقان ساھىللىرى تولىمۇ گۇزەل، ناۋادا سىز دەريا قىنىغا چۇشۇپ، بۇ كەڭ كەتكەن كوكۇلمەيدانلىقلارغا نەزەرىڭىزنى ئاغدۇرسىڭىز، ئۇنىڭ باغرىدا خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ ياتقان، تاكى ئۇپۇققىچە، بۇيۇك قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ يامزىلىغىچە سوزۇلغان كۆجۇملۇكلەرنى، مەھەللە قىشلاقلارنى غۇۋا ئىلغا قىلىسىز. مانا مۇشۇ يەرلەردە ئەلمىساقتىن بېرى هاشار

چۈمۈلىسىدەك تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ، جاھاندىكى ھەممە مېۋە - چېۋە، نازۇ - نېمەتلەر تەل، ئابىھايات سۈيى بار، بەرىكەتلىك يۇرتنى — بۇ جەننەتۇل - مەئۋادەك گۈزەل ماكاننى بىنا قىلغان، ھەسەن - ھۈسەندەك جۇلالاپ تۇرىدىغان، خېنىم - قىزلارنىڭ كۆركى خان ئەتلىسىنى، گۈزەللىكتە جەننەت باغلىرى بىلەن ھۆسۈن تالىشىدىغان خان سارايلىرىغا، باي غوجاملارنىڭ ھۇجرىلىرىغا زىننەت بەرگەن زىلچا - گىلەملەرنى، نەپىسلىكتە تەڭدىشى يوق قاشتېشى جانانلىرىنى. . . ئىختىرا قىلىپ جاھان خەلقىگە تۆھپە قىلغان ئىجادكار، ساپ تەبىئەتلىك، تەڭرى ئاتا قىلغان نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلگەن، ئۆزگىلەرنى بوزەك قىلىشنىمۇ، بوزەك بولۇشنىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان، بىرنى بىر دەپ ئادەتلەنگەن، ئادالەتكە تەشنا بىر قوۋم ياشايدۇ. ئەپسۇس، ھاياتلىق مۇھىتى ئەۋزەل مۇشۇنداق بىر تىنچ ماكاندىمۇ پۇقرالار ئەمىن بولالماي، ئاسايىشلىق تاپالماي، ئادالەتسىزلىكنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلار تارىختا كۆپ يۈز بەرگەن. بۇ ئەلۋەتتە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىدا ئادالەتكە خېرىدار بولمىسا، نەتىجىدە «ھالۋىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم» دېگەندەك ئەھۋال روي بەرسە، بۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە؟ سەندە گۇناھ بولسا كەلگەن جازاغا ئەلھۆكمۇلىللا دېيىشەن. ناۋادا قارىغا كەتسەڭچۇ؟ ئىنساۋىڭ بولسا سەن ئۆزۈڭنى قارىغا كەتكەن، بىھۇدە زىندان ئازابىنى تارتقان ناھەق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشى ئورنىدا قويۇپ ئويلاپ باق،

شۇندىلا ئادالەتنىڭ قەدرىگە يېتىسەن، كىشىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشمايدىغان بولىسەن...

※ ※ ※

تۇردىئاخۇن جامادا ئىلىش بېشىدىن باشلىنىپ ئىلچى شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنى ياشارتىپ تۇپچار، ئىگەرچى، ياپىلاق ئىككىنزارلىقىنى سۇغىرىپ يەنىلا يورۇڭقاش دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان، ياز بويى سۇ ئۆكسىمەيدىغان گازۇن ئۆستەڭنىڭ غۇچچىدە چىم قىياقلار، كاككۇك گۇللىرى ئۆسكەن قاسىنقىدا تال چىۋىقلىرى ئېقىپ تۇرغان سۇنى سۆيۈپ ئويناپ تۇرغان قېرى سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئۇ بوغداي چېچىلىپ كەتمىسۇن، شەبنەم كەتمەستىنلا ئورۇۋالاي دەپ، تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ بەدەنلىرى تەرگە چىلاشقاندىلا، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ، ئېگىزلىقتا قاراپ ھازىرغىچە يېرىم مو كەلگۈدەك يەرنىڭ ئورمىسىنى ئورىغانلىقىنى، يەنە مۇشۇنداق دەمبەس قىلسا تۆت كۈندە ئورمىنى تۈگىتىپ، ئەنجۈنى خامانغا يىغىپ بولالايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلدى. «خامانىنى تېزرەك ئېلىۋېتىش كېرەك، تاسادىپىي يامغۇر يېغىپ ئەنجۈ ھۆل بولۇپ قالسا خامانىنى قوشۇش كېچىكىدۇ ـ دە، كەنجى قوناقمۇ پىشمايدۇ» دېگەنلەرنى دەقىقە ئىچىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دۇردىئاخۇننى يېقىندىلا ئاڭلانغان كاككۇك ئاۋازى سەگىتتى. بۇ ئەتىۋار جانىۋارنىڭ يىلدا بىر نەچچە قېتىملا ئاڭلىنىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى تۇردىئاخۇنغا بۆلەكچە يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇ كاككۇك سايرىغاندا مېڭىۋاتقان بولسا توختاپ،

سۆزلىشىۋاتقان بولسا جىم بولۇپ ئاڭلايتتى. تاكى ئاۋاز جى-
مىپ، كاككۇك ئۇچۇپ كەتكۈچە ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ
تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە مەنمۇ مۇشۇنداق خالىسا كېلىدىغان، زې-
رىكسە كېتىدىغان ئەركىن قۇش بولسام، بۇ پانىي
دۇنيانىڭ غەم - غۇسسىلىرىدىن قۇتۇلسام دېگەنلەرنى ئويلايت-
تى. لېكىن ئۇ ھامان ئەجدادلىرىغا ئوخشاش مۇشۇ گۈزەل
ئۆستەڭ بويىدىكى 10 مو يېرىگە باغلىنىپ ھېچ يەرگە بارالمايت-
تى.

ئۇ بېلىدىكى يومشاق ئارپا تومىنىنى ئېلىپ ئۆستەڭ گىر-
ۋىكىگە زوڭزايدى - دە، ناننى قاشتېشى رەڭلىك سۇغا چىلاپ
يېيىشكە باشلىدى. سۇغا چىلىشىپ ئويناۋاتقان مەجنۇنتال ئۆس-
تەڭ ياقىسىدا يورغىلاپ قۇرت تېرىۋاتقان سۇندۇك، تۆۋەنرەك-
تىكى ئازمىدىن ئاڭلىنىۋاتقان شارقىراتما ئاۋازى ۋە مۇشۇ قاقى-
رام ئىسسىقتا ئۆستەڭنى ئۇلۇغ سۇ بويىدىلا بولىدىغان سەلكىن
شامال تۇردىئاخۇنغا ئارامبەخش تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىپ تېزلا
ئۇنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى. تۇردىئاخۇن ئۆستەڭدىن بىر نەچچە
ئوچۇم سۇنى ئىچىپ تازا بىر كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن تېرەك
غولىغا سانجىپ قويغان ئورغاقنى يۇلۇۋېلىپ ئېگىزلىققا ماڭدى.
ئۇ يول بويىدىكى كىچىك ئېرىقتىن ئاتلىشىغىلا قىر بېشىدىكى
قارا ئۇجمىلەرگە ياماشقان قۇشقاچلار گۇررىدە ئۇچۇشۇپ يىراق-
تىكى ئۇجمىلەرگە بىر - بىرلەپ قۇنۇشتى. بىراق تۇردىئاخۇن
ئازلاپ قالغان بۇ قۇشقاچلار توپىغا ئارام بەرمەي ئۇجمە قاتارلى-
رىنى بويلاپ مېڭىپ، ئەتىگەن يېرىمىنى ئورۇپ بولغان ئېتىزغا
كەلدى ۋە ئورمىغا ئورغاق سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئورمىنى
ياخشى ئورايتتى. رەھمەتلىك دادىسى ئۇنى 10 ياش چاغلىرىدا
كەينىگە سېلىپ ئورما ئورۇشقا سالغان. ئورغاق گاھىدا قول-

نى، گاھىدا پۈتىنى كېسىۋېتىپ، قانسىراپ كەتكەندە: «دېھقان بالىسى ئورما ئورۇشنى بىلىشى كېرەك، تەڭرى بىزنىڭ رىزقىدمىزنى مۇشۇ قارا توپىغا قوشىۋەتكەن، يەر ئاغدۇرىمىز، تېرىيمىز، ئورۇيمىز، خامان ئالىمىز، پادا باقىمىز. بۇنىڭغا چىدىمىساڭ تىلەمچىلىك قىلىسەن بالام» دېگەن. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئېسىدىن ھېلىغىچە كۆتۈرۈلگىنى يوق. ئۇ ھاياتقا ئىزبېسىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ھېلىقى دېگەنلىرىنى ئەمەلدە بېجىرىپ كەلدى. ئەتىيازلىقى تېرىدى، كۈزلىكى يىغدى، تېرىقچىلىقنىڭ جىمى ئىش - كۈشلىرىنى چالا قويمىدى. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش ئۆزى تېرىغان زىرائەتنىڭ ھەربىر مايسىسىغا، ئۆزى تىككەن ھەربىر تۈپ كۆچەتكە، ھەتتا ئۆزى ياردۇرغان ئەرزىمەس بىر چۈجىگە، بالىسىغا كۆيۈنگەندەك مۇھەببەت باغلاپ پەرۋىش قىلاتتى. دادىسىدىن مىراس قالغان يەتتە ئېغىزلىق ئۆي ۋە ئىككى مو كەلگۈدەك مېۋىلىك باغ ھەر يىلى چىرايلىق ياشىرىپ يۇقىرىقى گۈجان مەھەللىسىگە ھۆسۈن قوشۇپ تۇراتتى.

دېھقان ئۈچۈن ئازادە، ياشىرىپ تۇرغان بىر باغ - ۋارانلىق ئۆي، قوتاندا مەرەپ - مۆرەپ تۇرىدىغان قوي - كالا، توخۇ - تۇمان قاتارلىقلار ئۇنىڭ جىمى راھەت - پاراغىتىنىڭ مەنبەسى. تۇردىئاخۇننىڭ ئۆيى ئۇنىڭ ھالال قان - تەرى، ئەجرى بەدىلىگە ئاشۇنداق ئىمكانلار يارىتىلغان روزىغار ئىدى. ئىشىك ئالدىدىن بىر تۈگمەن ئېرىقى ئۆتىدىغان، ئەتراپىنى، ئۈستىنى چوڭۇپ باغجاللاپ كەتكەن قېرى ئۈجمە، ئۆرۈك دەرەخلىرى ئوراپ تۇرغان كەڭ ھويلا - ئاراملىق ئۆي ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغانىدى. ھويلىدا، ئۆي كەينىدىكى باغدا يازلىقى مېۋىلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئادەتتىكى بىر دېھقان ئۈچۈن ئۇنىڭ

بىر قوتان قوي ـ كالىلىرى، توخۇ ـ تۇمانلىرى ئۈچۈن بۇ ئۆي تىنچ ھاياتلىق ماكانى ئىدى. تۇردىئاخۇنغا يازلىقى دەرياغا كەلكۆن كەلگەندە مىلىكئاۋات، جامىدا قاتارلىق جايلارغا ھاشارغا چىقىش، 10 نەچچە مو يېرى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تۆلەيدىغان سۇ بېجى، يەر بېجىدىن باشقا غەم ـ ئەندىشىلىرى يوق ئىدى.

كۈن بارغانسېرى تىكلىشىپ ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىماقتا، بۇنداق چاغدا ئورمىلىق تۈگۈل دەرەخ سايىلىرىدا، باغلاردا ھاۋا ئۆپ بولۇپ تېخىمۇ تىنجىق بولۇپ كېتىدۇ. تۇردىئاخۇن بەدەنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ ئېقىۋاتقىنىغا قارىماي ئورمىغا زەرب بىلەن ئورغاق سالماقتا. ئۇنىڭ قاۋۇل گەۋدىسى، كۆچلۈك بىلەكلىرىنىڭ تورى بىلەن ھەر بىر ئورغاق سالغاندا بىر قۇچاق يەرنىڭ ئورمىسى قول پەنجىگە يىغىلاتتى. ئۇ تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ماتا كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرى بىلەن تەر تەپچىپ ئېقىۋاتقان پېشانىسىنى ئېرتىپ قويۇپ، پىشىپ دانلىرى چېچىلىشقا باشلىغان بۇغداي باشاقلىرىنى ئورۇپ پەنجىلىمەكتە. گەرچە چارچىمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم يالغۇز ئورما ئورۇشنى بىر ئاز زېرىكىشلىك ھېس قىلدى.

توساتتىن تۇردىئاخۇننىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتكەن يىلقى ئورما پەسلى گەۋدىلەندى. ئۇ چاغدا ئۇ بۇگۈنكىدەك ئاپتاپتا پىشىپ يېگانە ئورما ئورىغان ئەمەس ئىدى. مەھەللىدىكى ھەممە قوشنىلار لاپقۇتلىشىپ نۆۋەت بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ئورمىسىنى ئوپچا ئورۇپ، بۇ مۇشەققەتتى تولا، جاپالىق ئىشنى بىراقلا تۈگىتىشۈپلىشقانىدى. بۇنىڭدا مەھەللىدىكى ياش قۇرامىغا توشقان ئەرلەر، ياشلار جەم بولۇپ كەچ ئايدىڭدا ۋە سەھەر چاي ۋاقتىدىغىچە كۆلكە ـ چاقچاق، ناخشا ـ ئويۇن بىلەن غاز قانتى بولۇپ بىراۋنىڭ ئورمىسىغا چۈشسە بىردەمدىلا بىر ياپ بۇغداي

پەنجىلىنىپ، كىشىنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ. ئورمىچىلار ھەربىر قىرنى ئوروپ توگىتىپ قىر بېشىغا چىققاندا بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ قولاقلىرىنى ئېتىشىپ چاۋگان توۋلىشىدۇ. چاۋگان ئاۋازى يىراقلارغا، قوشنا مەھەللىلەرگىچە كېتىدۇ. مانا مۇشۇ چاۋگان كولكە ـ چاقچاق بۇ جاپالىق مېھنەتنى ئويۇن ـ تاماشىغا، كۆڭۈل ئېچىشقا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇششاق باللار، بىكارچىلارمۇ ئورمىلىققا كېلىشىدۇ.

ئەرتە بىلەن يۈگۈرۈپ چىقتىم ئالما بېشىغا،
سەككىز ئالما ئاتاپ سالدىم قىز ئاداشىمغا.
ئۇيان ئۆتۈپ ـ بۇيان ئۆتۈپ نەگە بارۇرسەن،
ئوسما قويۇپ، خىنە يېقىپ جاننى ئالارسەن.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن،
ۋەدىسىدە تۇرمىسا كىشى، ئەھلى مۇسۇلمان بولمىسۇن.
. . . . . . . . . . . . . . .

ئۇ بۇ يىل نېمىشقا لاپقۇتلاشمىدىكىن؟ تۈنۈگۈن كەچتە مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن چاۋگان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلـ غانىدى. ئەگەر توپقا قوشۇلغان بولسا بۇ چاغقىچە بۇغدايلار خامانغا توشۇلۇپ بولاتتى. ھەر راست، بۇ قېتىم لاپقۇتلاشقانلارـ نىڭ ئىچىدە روزىئاخۇن باركەن، ئۇ تېخى ھەممىگە سەركە بولۇپ چاۋگاننى ئۇنلۇك توۋلاپ يۈرگۈدەك. مۇبادا روزىئاخۇن تاجىخانـ نىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ مەھەللىدە تۇردىئاخۇننىڭ يۈزىنى يەرـ گە ئۇرمىغان بولسا، بۇ يىلقى ئورمىنىڭ سەركىسى يەنىلا تۇردىـ ئاخۇن بولاتتى. ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە دېمىگەن بىلەن مەھەللىدە تاجىخان روزەكشاھ بىلەن ئىمىلىشىپ قاپتۇ، ئۇلار كاككۇك

بىلەن زەينەپكەن، روزەك تاجىخاننىڭ ھەممە ھاجەتلىرىدىن چىقىدىكەن، ئەتە - ئاخشام ئۆيىدىن چىقمايدىكەن. . . ئاكىسىنىڭ يۈز ئابرۇيىنى قىلىسىچۇ؟ خوتۇن كىشى دېگەن ھەي! . . . دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى. بۇ روزەكنىڭ تاجىخانغا مەيلى بولغاندىكىن ئىشنى يولى بىلەن قىلىپ، تۇردىئاخۇنغا ئەلچى كىرگۈزگەن بولسا ئارىغا بۇنداق ئاداۋەت ئۇرۇقى چېچىلماس ئىدى. تۇردىئاخۇن ئەجدادىدىن باشلاپ ئەل ئىچىدە ئار - نومۇس بىلەن ئۆتكەن، ئاچ - يېلىڭ قالسىمۇ بىراۋنىڭ ئۆيىگە خالتا كۆتۈرۈپ چىقمىغان، ياماندىن قورقماي، ياۋاشنى بوزەك قىلماي ئۆتكەن غۇرۇرلۇق ئادەملەرنىڭ پۇشتى. ئۇ سىڭلىسى كەلتۈرگەن بۇ ھاقارەتنى قانداقمۇ يۇتالىسۇن؟ تۇردىئاخۇن مۇشۇ سۆز - چۆچەكلەر قۇلىقىغا كىرگەندىن كېيىن كەيپسىز بولۇپ قالدى. كوچىدا يول يۈرسە ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك، كەينىدىن مەسخىرىلىك كۇلۇشۇۋاتقاندەك سېزىمدا يۈرەتتى. ئۆيدە خوتۇن - بالىلىرىغا ئوچۇق چىراي ئاچماي تولا چاغلاردا قوتاندا، ئېتىزدا، باغدا نېمىلەرنىدۇر قىلىپ يۈرەتتى. گەپ - سۆزلىرى تاققۇ - تۇققۇ ئىدى. ئائىلە ئىشلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك يۈرۈشمىگەنىدى.

ئۆي ئالدىدىكى ئېرىق بويىغا سېلىنغان جىرىملار تېخىچە كىپەنلەگسىز، قويلار ئوت - چۆپسىز ئىدى. باغدىكى ئۆرۈكلەر گۈلە سېلىنماي پىشىپ، توۋىدە سېسىپ، يىگىلىشىپ تۇراتتى. ئەمدىلا يەڭگەن ئايالىنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشقا چولىسى يوق، كالىنى قوشنا ئايال ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم سېغىپ بېرىپ چىقىپ كېتەتتى. تاجىخان بولسا ئاكىسىنىڭ ھومىيىپ قاراشلىرىدىن، تەنبىھلىرىدىن قورقۇپ، بۇ ئۆيگە يولىمىغىلى بىرەر ئايچە بولغانىدى.

— تاجى، سەن مېنى بۇ يۇرتتا ياشىغىلى قويامسەن يوق، سېنىڭ بىلەن تۇغقان بولغىنىمغىمۇ تويدۇم، ئەگەر يەنە ئۇيەر - بۇ يەردە پوقىا دەسسەپ يۇرگۇدەك بولساڭ ياكى قۇلىقىم روزەك توغرىسىدا قايتا گەپ ئاڭلاپ قالسا، سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېگەندى ئاكىسى قولۇم - قوشنىلار بار جايدا تاجىخانىغا گۈلدۈرلىپ. ئۇنىڭ ئىزمۇ تاجىخان «ئۆپكە - قېرىن گۆش ئەمەس، يەڭگە - كېلىن دوست ئەمەس» دېگەندەك، تۇردىئاخۇننىڭ ئايالى بىلەن ئەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى. ئۆزى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاكىسىغا يەڭگەم چاقتى دەپ ئويلايتتى. تۇردىئاخۇن 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، گۇرۇي، ئورا كۆز، ئۇستىخانلىرى تۇگىمەس ئەمگەكلەردە چويۇندەك قاتقان، مىسرەڭ چىراي، كەم سۆز ئادەم. ئۇ قەدىمدىن، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ يۇقىرىقى گوجان مىڭى تەۋەسىدە يەر تېرىپ ئېكىن ئېكىپ، ئالدى - ساتتىمۇ قىلماي هالال يەپ - ئىچىپ، قوشنا - قولۇملار بىلەن ئۆم - ئىناق ئۆتكەن دېهقانلاردىن ئىدى. تاجىخان تۇردىئاخۇننىڭ بىر قورساق تۇغقىنى بولۇپ دادىسى قازا قىلغاندا ئۇ 12 ياشتا، تۇردىئاخۇن 30 ياشلاردا ئىدى.

— بالام، تاجى ساڭا قالدى، يېتىملىك رەنجىگە قويمىغايسەن، ئۇنىڭغا مۇرەببى بولۇپ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قىل. ياخشى يەرگە تالالىق قىل . . — دېگەندى دادىسى كۆز يۇمۇش ئالدىدا تۇردىئاخۇنغا ۋەسىيەت قىلىپ.

قىز ياتلىق بولغۇچە ئۇلار بىر ئۆيدە تۇردى. تۇدىئاخۇن تاجىخانغا دادا هەم ئانا بولدى. يېتىملىكنىڭ داغ - هەسرىتى تاجىخاننىڭ باغرىنى تىلمىدى. ئۇ خۇددى ئەت يەرگە تېرىلغان قوناق مايسىسىدەك سوقتا، ساغلام ئۆستى. تۇردىئاخۇن هەتتا

ئۇنىڭ چىچىنى ئۆزى تارايتتى، كەينىدىن چۆجىلىك توخۇدەك بىللە يۈرەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەڭرى سوۋغا قىلغان ھۆسنى ۋە ياخشى تەربىيە تاجىخاننى نازاكەتلىك، پەرى سۈپەت ئايال قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ ئوشۇقىغىچە چۈشكەن ئىككى ئۆرۈم چېچى ماڭغاندا شامالدا ئىغاڭشىغان تال چىۋىقتەك ساغرىسى ئەتراپىدا ئويناپ ھەر قانداق مەن - مەن دېگەن ئەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالغا تاشلايتتى. ئۇنىڭ ئۆڭكى ئاق، كۆزلىرى كىيىكنىڭكىدەك چوڭ، ئوتلۇق، نۇرلۇق ئىدى. كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا چېھرىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيتتى، ھەمىشە كۈلكە چىراي، شېرىن سۆزلۈك ئىدى. غۇنچە بوي، سېمىزمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس، زىبا قامەت، يارىشىملىق كىيىملىرى ۋە بوستان چاچلار ئۇنى تولىمۇ لاتاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى. پۈتۈن گۈجان تەۋەسىدە ئۇنىڭغا كۆزى چۈشمىگەن، ئۇنىڭ پىراقىدا كۆيمىگەن يىگىت يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق گۈزەل جامالىغا، خېرىدارلىقىغا، ھەتتا قىز - چوكانلارمۇ ھەسەت قىلىپ، كەينىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشاتتى. تۇردىئاخۇن بۇ ئەتىۋار سىڭلىسىنى 16 ياشقا تولغان چاغلىرىدا «قىز بالا دېگەن يۇراق گۆش» دەپ، ھېيتكالىق يۇنۇس ئەنجان دېگەن بىر سودىگەرنىڭ ئەركە ئوغلىغا ياتلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇتىھەم بۇ ساھىبجامالنىڭ جانان چىنىسىنى ساپال تاۋاق قىلىپ قويۇپلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان تاجىخان دادىسىدىن قالغان ئۆي - زېمىنىنىڭ يېرىمىغا ئايرىم ئىشىك ئېچىپ ئۆيدە تەنھا ئولتۇرۇۋاتاتتى.

تۇردىئاخۇن قۇياش تىكلىشىپ ئەتراپ تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەندىلا ئورنىدىن تۇردى. قاقىراملىقتا بۇغدايلارمۇ ھاشاراتلاردەك چىرىس - چىرىس ئاۋاز چىقىراتتى. قىر بېشىدىكى

ئۇجمىلەردە بىرەرمۇ قۇش جانىۋار كۆرۈنمەيتتى، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆستەڭ بويىدىكى خىيابانلارغا، قاراڭغۇلاشقان پىنهان باغلارغا سايىدىغىلى كېتىشكەنىدى. تۇردىئاخۇن خارامۇش هالدا تاپانلىرىغا بېگىزدەك سانجىلىۋاتقان غاشىلارغا پەرۋا قىلمىغان هالدا ئۆيگە قاراپ ماڭدى. تەردىن هۆل بولۇپ كەتكەن بەدىنىنى، يۈز ـ كۆزلىرىنى بۇغدايلىقنىڭ ئاچچىق توپىسى هەرە چاققاندەك ئېچىشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېرىقتا يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى. مۇزدەك سوغۇق سۇ ئۇنى ئاز ـ تولا سەگىتتى بولغاي، دەرۋازا يېنىدىكى قېرى ئۆرۈككە يامىشىپ ئۆسكەن ئايمۇقا تالغا، ئۇنىڭدا ساڭگىلىشىپ تۇرغان ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەرگە، ئۆرۈك پۇتاقلىرىدا ياپراقلار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان غورىلارغا قارىغاچ هويلىغا كىردى.

دەمال ئۇنىڭ دىماغلىرىغا ئالا غورا ۋە كۆك سېلىپ ئەتكەن ئۇگرە ئاشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى گۇپپىدە ئۇرۇلدى. تۇغۇتتىن يېشىنىپ بولالمىغان ياش ئايال هويلىنىڭ پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا ياسالغان ئوچاق بېشىدا بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ نازۇك چېهرىدە پۇرچاق ـ پۇرچاق تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. ئايال ئېتىزدىن هېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئېرىنىڭ ئالدىغا رايىشانە بىر هەرىكەت بىلەن داستىخان سېلىپ كونا چارا ئاياقتا ئاش ئەكىلىپ قويدى. تۇردىئاخۇن ئاش ئېچىشكە تۇتۇنغاندا ئايال يەنە بىر چىنە ئاشنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. ئېرى ئۇنىڭ تاجىخانىغا ئاش ئېلىپ ماڭغانلىقىنى جەزىم قىلىپ: «ئاچىقماڭ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇك ـ چاشقاندەك ئۆتۈۋاتىسىڭىز، ئېشىڭىزنى ئىچەرمۇ؟ زەهەر ئورنىدا كۆرمەسمۇ ئۇ» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئۈندىمىدى. تۇردىئاخۇننىڭ قىياسىدىكى ئىش

ئاخىرى يۈز بەردى. ھايال ئۆتمەي تاجىخاننىڭ ئۆيى تەرەپتىن ئايالنىڭ ئۇنلۇك ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئۇلار ئاخىر سوقۇشۇپتۇ ـ دە، ياخشىلىقنىڭ كۆتىگە ياغاچ ـ مىخ» دېگەن شۇ، بىرى خوتۇنۇم، يەنە بىرى، بىر قورساق سىڭلىم. ئەمما رايىش، قويدەك ياۋاش خوتۇندا نېمە گۇناھ؟ ھەممە يامانلىقنى مۇشۇنىڭدىن كۆرىدۇ. بۇ تاجى ھەقىچان قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ماڭا مۇشۇ خوتۇن چاقتى دەپ ئويلايدۇ. ئۇنداقتا ئۇۋال بولمامدۇ بۇ بىچارىگە. . . » تۇردىئاخۇن مۇشۇلارنى ئويلىغاچ تالاغا چىقتى. تاجىخان ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈك ئۇستىدە نېرىراقتا ئولتۇرۇپ يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاۋاتقان يەڭگىسىنى قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ قار ـ يامغۇر تىللاۋاتاتتى. ئايال قولۇم ـ قوشنا ئالدىدا ئاڭلىغان ناھەق ئاھانەتكە چىدىماي نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئالدىدا تاجىخان ھېلىلا تاشلاپ سۇندۇرغان چىنىنە ۋە ئاشنىڭ چۆپلىرى توپىغا مىلىنىپ تۇراتتى. تۇردىئاخۇن دۇنيالىقتا بىرلا سىڭلىسىغا قىيالمىسىمۇ، لېكىن ئۆيگە تائام ئېلىپ چىققان ئايالىغا قىلىنغان بۇ يولسىزلىققا چىداپ تۇرالمىدى.

ــ مۇسومانمۇ سەن؟ يەڭگەڭگە بۇنچىۋالا قىلغۇدەك نېمە يامانلىق قىلدى ساڭا؟ نېمانچە ئۆچۈڭ چىقمايدۇ سېنىڭ؟ ــ ئۇ ئايالىنى ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە بۇيرىدى.

ــ كۆرەر كۆزۈم يوق بۇ پاسكىنىنى، ئادەم چېقىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە پاتقۇزمىغاننىڭ ئۇستىگە ئۆز ئۆيۈمدىمۇ ئاراملىق بەرمەمدۇ ماڭا. . . ــ تاجىخاننىڭ ئاكىسىنىڭ كۆز ئالدىدا قىلغان بۇ سۆزى تۇردىئاخۇنغا بەك ھار كەلدى. بۇ ئايال بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن بۇيان ئۆزىگە تاجىخاننى يامانلاپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئىشىنى قىلسام دەيتتى. ياتلىق قىلغۇچەكىر - قاتلىرىنى
يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، چىرايلىق كىيىملەرنى ئۇنىڭغا ئۆتۈ-
نەتتى. مانا ئەمدى ياخشىلىققا يامانلىق، ھەي! بەزى ئادەملەر
نېمە ئۇچۇن بەدخۇي، ئىچى زۇغۇي يارىلىپ قالىدىغاندۇ؟ يەنە
كېلىپ ئۆز سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ ئايالىغا، ئۆزىگە بىر مەزگىل
ئانىلىق مېھرىنى بەرگەن بىر بىگۇناھ مەزلۇمغا ھاقارەت قىلى-
ۋاتسا - ھە؟

— ئاغزىڭنى يۇم تۇركور! يەنە تىلىڭنى يىغمايدىغان بول-
ساڭ گېلىڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — تۇردىئاخۇن غەزەپ-
تىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ، ھېلىغىچە ئېغىزى بېسىقماي
يەڭگىسىنى تىللاۋاتقان تاجىخان تەرەپكە - ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىغا
ئېتىلىپ ماڭدى. ئەپتىدىن تاجىخاننى ئۇرىدىغاندەك قىلاتتى.
لېكىن، ئۇنى باش تەرەپتىن سۇ ياقىلاپ كېلىۋاتقان بىر يىراق
قوشنىسى توسۇپ قالدى.

يان قوشنا، ئۇدۇل قوشنىلار بۇ جېدەلنى ئۆي ئالدىلىرىدا،
ئىشىكنىڭ كەينىدىن كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن
ھېچبىرى ئۇلارغا ھاي بېرىپ ئاجراشتۇرۇپ قويۇشقا كېلىشمى-
دى. ئۇلاردىن بەزىلىرى «ئۇرۇق - تۇغقانىنىڭ سوقۇشقىنى
تاۋار - تۇرقىنىڭ يىرتىلغىنى، ئازدىن كېيىن بېسىقىپ قالى-
دۇ» دېيىشسە، بەزىلىرى تۇردىئاخۇننىڭ تاجىخاننى جىملەپ
قويىدىغان ۋاقتى كەلدى، بولمىسا تاجىخاننىڭ ئۆيىنى چۆرگى-
لەيدىغانلارنىڭ داڭگا - دارىڭى دەستىدىن بۇ مەھەللىدە تۇرالمى-
غۇدەكمىز دېيىشىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقانىدى. قوشنا ئەر
تۇردىئاخۇننىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى سۆرىگەنچە
قىلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى.

— ئەمدى ئۆز قېرىنداشنى ئايالىغا بېسىپ بېرىدىغان

سەندەك ئاكام يوق، ــ دېدى تاجىخان ئاللىقاچان ئۆيگە كىرىپ بولغان تۇردىئاخۇننى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۇنلۇك ۋارقىراپ.

تاجىخان گۈزەل، ھەر جەھەتتىن كېلىشكەن بىر ساھىبجامال، تەڭرى ئاتا قىلغان ئاشۇ ھۆسنى بىلەن يىگىتلەرنىڭ يۈرەكىگە كۆيۈك ئوتى سالغان، جېنىنى ئېلىپ جاڭگالغا تاشلىغان، يۇرتتا كەم تېپىلىدىغان گۈلپەرى، ئەمما ئۇنىڭ بۇگۈنكى قىلىقى، ئېغىزىنىڭ ئىتتىكلىكى «ئۆزى ئۇز، قىلىقىمۇ ئۇز» دېگەن ھېكمەتكە زادىلا ئۇيغۇن ئەمەسقۇ؟ ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئاكىسىغا يانىدۇ؟ خوي ـ مىجەزى مۇشۇنداقلا بولسا «ئايدەك چىرايىم، پوقتەك قىلىقىم» دېگەندەك، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ قىممىتى نەدە قالىدۇ؟ بۇنى تاجىخان ئويلامدىغاندۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان بىرەر دەرد ـ ھەسرىتى بارمىكىن؟ ...

تاجىخان كىچىكىدىن باشلاپ موھتاجلىق كۆرمىگەن، ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان، نەغمە ـ ناۋاغا ھېرىسمەن چوكان بولغاچقا، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ ئىللىق، خۇش پېئىل ئىدى. بىرىگە ئورۇنسىز دىلئازار قىلمايتتى. گەپ ـ سۆزى مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق ئىدى. شۇڭىمۇ يۇرت ـ مەھەللە ئۇنىڭغا تولىمۇ زوقلىناتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇگۈن بۇنچىۋالا رەللە بولۇپ قولۇم ـ قوشنىلار ئالدىدا يەڭگىسىنى ھاقارەتلىشى، ئاكىسىغا بىھۆرمەتلىك قىلىشى ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىكتىن بولغانىدى.

تاجىخان دادىسىدىن قالغان 10 مو يەرنىڭ ئالتە ـ يەتتە موسىنى ھەر يىلى بىرەر قوشنىسىغا ئوتاققا بېرىپ، قالغىنىنى ھەر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆزى كۆكلىتەتتى. تۆت موسىنى كۆزدە تۇردىئاخۇن ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق چېچىپ بەرگەنىدى. بۇغدايىنىڭ

ئوتاغ، پەرۋىش ئىشلىرىنى ئۆزى، سۈلىغىنى يەنىلا ئاكىسى قىلاتتى. تۇردىئاخۇن گەرچە سىڭلىسى دىلىنى قاتتىق شىكەس-تىلىگەن، جامائەت ئىچىدە ئابرۇيىنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ، قېرىنداشلىق يۈزى ئۈچۈن ئۆز بۇغدىيىنى ئورۇپ بولۇپلا، مەدى-كار ياللاپ ئۇنىڭ ئورمىسىنى ئورۇپ، خامىنىنى ئېلىپ بەر-مەكچى ئىدى. لېكىن تاجىخان ئاكام خامىنى ئېلىپ بېرىشكە ئۇنىسىغۇ نامۇ - گۆش، ئۇنىماي قويسا ئىززىتىم يوقايدۇ، دەپ ئويلاپ بۇغداي ئورۇشقا ئادەم ئىزلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ پېيىدا يۈرگەن روزى تەمبۇر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر ئەتىگىنى ئىككى - ئۈچ ئىشلەمچى بىلەن ئورمىغا چۈشۈپ، ئەتىسى چۈشكۈچە ئەنجىنى خامانغا ئاپىرىپ بولدى. تەڭقىسلىقتا تاجىخان روزىئاخۇنغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇلار-نى كەچلىك چايغا تەكلىپ قىلدى. مېھمان تەكەللۇپ قىلمايلا مۆھلەتتىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ ئۆزى يالغۇز ئى-دى.

— باشقىلارچۇ؟ — سورىدى تاجىخان تالاغا بويۇنداپ قا-راپ كېلىۋاتقان بىرەر كىمنى كۆرمىگەندىن كېيىن، — ئورمى-نى سىلىغىنە ئورمىغاندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەل-سىلە بولماسمىدى؟

— ئۆيگە كەچ قالىمىز دەپ ئالدىراپ كېتىشتى، نېمە ئامال. — روزىئاخۇن يالغان ئېيتقانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تى-رىشسىمۇ، لېكىن تاجىخان ئۇنىڭ تەنها كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئالللىقاچان جەزم قىلىپ بولغانىدى. ئۇ مېھماننى تېزرەك يولغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن ئەتكەن ھاردۇق ئېشىنى تېزلا داستىخانغا تەق قىلدى. لېكىن روزىئاخۇن ئەزمە بىر ھەرىكەت بىلەن ئالدىرىماي ئاش ئىچەتتى. ھەر بىر لوقما تائام ئارىلىقىدا تاجى-

خانغا ئىشتىياق بىلەن تەلمۈرەتتى. ئۇنىڭ رۇخسارىنى، ئويماق-تەك كىچىك ئېغىزىنى، يەڭگىل مېڭىشلىرىنى، تولغان كۆك-سىلىرىنى زىيارەت قىلاتتى. خامان ئېلىش، كەنجى قوناق تېرىش، قىشلىق ئوت تارتىش ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، ھەممە ھاجەتلىرىدىن چىقىدىغانلىقىنى تەكرار ۋەدە قىلاتتى.

— بىر باشقا بىر بۆك لازىم بولغاندەك، بىر ئۆيگە ئەلۋەتتە بىر ئەر لازىم. بولمىسا ئېتىز - ئېرىقنىڭ، تالا - تۈزنىڭ ئىشلىرىنى خوتۇن خەق قىلىپ بولالمايدۇ، سىلە قاچانغىچە چىدايلا، — دەيتتى ئۇ تاجىخاندىن ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىپ. لېكىن، تاجىخان روزىئاخۇننىڭ سۆزلىرىگە ئىرەڭشىمىگەن ھالدا ھويلىدا، ئوچاق بېشىدا بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. «گۇرۇچتىن بىخەۋەر سەۋزە دەم يەپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغىنىنى، شۇ تۈپەيلى خەقلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلمىسام بوپتىكەن، دېمىسىمۇ ئۆزىچە ئىش - كۈشلىرىمنى قىلىپ بەرگىنىنىڭ ھەققى بولسۇن دېگىنىمنى كىم چۈشىنىدۇ؟ پاتراق ئۆزىسا بولاتتى بۇ بىزەڭ مېھمان، — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى ئۇ روزاخۇننىڭ ياغلىما گەپلىرىدىن، كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراشلىرىدىن بىزار بولۇپ.

تاجىخان داستىخاننى يىغىپ روزىئاخۇننى دۇئا ياندۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ھېچ كېتىشكە تەرەددۇتلەنمىدى. بەلكى لىككىدە تۇرۇپ بېشىدىلا - يۇكلۇكنىڭ ئۈستىدە ئېسىقلىق تۇرغان دۇتارنى ئېلىپ قۇلاقلىرىنى بۇراپ سازلاشقا باشلىدى. ئۇستىلەپ سۆز - چۆچەككە قېلىشتىن ۋايىم يەپ، روزىئاخۇننى ئۆيدىن تېزرەك چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئامال

تاپالماي تىت ـ تىت بولۇۋاتقان تاجىخانغا دۇتتارنىڭ ئاۋازى گويا ئالۋاستىنىڭ چىرقىرىشىدەك، قارا بوراننىڭ ھۇۋلىشىدەك سىڭ- زىپ بېرەتتى. ئۇ روزىئاخۇنغا «ئۆيدىن چىقىڭ» دېمەكچى بول- دىيۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ساھىبخان، ئۇنىڭ بىر مېھمان ئىكەنلى- كىنى ئېسىگە ئېلىپ «ئالەم خۇپتەن بولاي دېدى، كىشىلەر بۆلەكچە ئويلاپ قالمىسۇن، دۇتار چېلىپ بەرگىلى باشقا بىر كېلەلا» دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— سىلىنىڭ مۇبارەك خانىلىرىگە مېھمان بولۇش شەرىپى- گە ئېرىشكەندە، بىرەر ـ ئىككى پەدە چېلىپ كۆڭلۈمنى ئىزھار ئەتمىسەم، جەننەتتىن يېنىپ چىققاندەك ئىش بولار، — دېدى روزىئاخۇن ۋە ئۇنلۇك ئاۋازدا مۇقام توۋلاشقا باشلىدى:

ۋاپالىق مېھرىبان مەھبۇبلەر دىللارنىڭ چىراغىدۇر،
ئۇنىڭ قەلبىدە پارلاق نۇر كۆڭۈلنى يورىتار بولدى.
تېنى قەلبى مۇنەۋۋەرنى جاھاندا مەن تاپالمادىم،
ۋاپاسىز دەردىدىن قەددىم ئېگىلدى چۇن دۇتار بولدى.
ۋاپالىق يارنى تاپساڭ ئىزلىرىنى سۇرمە قىلغايسەن،
ۋاپادار سۆھبىتى ئىزدەپ كۆزۈمگە تۇتىيا بولدى.

شەيدالىق ئوتىدا كۆيۈپ كۇل بولغان روزىئاخۇن سۆيگەن پەرىشتىسىنىڭ ھەۋەس ئىشتىياقى بىلەن ھېسابلاشماي ناخشىنى ئۇنىڭغا ياققۇدەك تېخىمۇ مۇڭلۇق ئېيتىشقا تىرىشاتتى.

ھېسسىيات دەۋرەپ كەلسە، ئەقىللىنىڭ كۆزىگە توپا كى- رىپتۇ، دېگەندەك تاجىخانىنىڭ ئۆزىدىن قانچىلىك بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى، كۇتمىگەن بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ۋايىم يەپ، ئۇنى تېزرەك كۆزدىن يىتتۇرۇشنىڭ

كويىدا تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. توۋا، كۆڭۈل سارىڭى دېگەن شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ روزىئاخۇن مۇشۇ دەملەردە كۆز ئالدىدىكى ساھىبجامالغا مەست ـ مۇستەغ‌ـ رەق بولۇپ قالغاندىن بېرى، ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا مەجنۇنلارچە كۇنبويى ئايلىنىدىغان، مۇشۇ يۇقىرىقى گۇجان مەھەللىسىدىن زادى نېرى كەتمەيدىغان، تاجىخانغا زەن سېلىپ قارىغان ئەر زاتىغىمۇ قۇترىغان بوقىدەك ئېتىلىدىغان، ئار ـ نومۇسىنىڭ تۈكلۈشىدىن، تىل ـ ئاھانەت ئاڭلاشتىن قورقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. تاجىخاننى دەپ رەستىدىكى دۇتار، راۋاب دېگەندەك چالغۇ ئەسۋاب ياسايدىغان بىر ئوبدان دۇكىنىنى تاقاپ ئەرزانغا سېتىۋەتتى. ئۇنىڭغا تاجىخان بولسىلا بولاتتى. «كۆڭلى بارغا مايىل بول» دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇ دۇتارنى مەستانە چالماقتا:

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئايدا كويىدۇ بۇ جان.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
ۋاي تاجىخان يار دەردىگە بىز قالغان.

يا ئۇيان ئۆتەشىم بار،
يا بۇيان ئۆتەشىم بار.
سەن خالىمىساڭ يايىرىم،
ۋاي تاجىخان، قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار.

ئىششىق ئوتىدا سەۋدايىلارچە ناخشا توۋلاپ يۇرىكىدىكى پىراق ئوتىنى سەگىتمۇۋاتقان روزىئاخۇن ئۆز نىگارىنىڭ پەرۋا-

سىزلىقىنى، يۇرەك قېتىدىن چىقىۋاتقان مۇھەببەت نىدالىرىغا ھېچ بىر قۇلاق سالماي ھېلى ئۆيدە، ھېلى تالادا ئاللىقانداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى، چىرايىنىڭ مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىدەك تۇتۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپمۇ ناخشىنى توختىتىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ئەمدىلا پەدە يەڭگۈشلەش ئۇچۇن دۇتارنىڭ قۇلىقىنى بۇراۋاتقاندا تۇيۇقسىز سىرتتا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى. «ئەشىكنى تېز ئاچ» دېگەن سادانى ساز چېلىۋاتقان روزىئاخۇنمۇ ئېنىق ئاڭلىدى. ئامالسىزلىقتىن مېھماننى ۋاقتىدا ئۇزىتىپ قويالمىغانلىقتىن سەكپارە بولۇپ تۇرغان تاجىخان مورا بېشىدا سۇس يېنىپ تۇرغان جىن چىراغنىڭ ئاجىز نۇرىدا روزىئاخۇنغا نەپرەت - بىزارلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئوبدان بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى ئېچىشقا ئالدىراش ماڭدى. دەرۋازىنىڭ تاقىقى تارتىلىش بىلەن ھويلىغا مەھەللىنىڭ ئىمامى ئابدۇقادىر ئاخۇنۇم، ھاشىمئاخۇنۇم مۇئەززىن قاتارلىق بىر نەچچە تونۇش كىشىلەر خۇددى ئاچ قالغان كالا قوتاندىن يوپۇرۇلۇپ چىققاندەكلا بۆسۈپ كىردى. تاجىخان قاتتىق ئىتتىرىلگەن دەرۋازا قانتىنىڭ زەربىسىدە يانغا يىقىلدى.

— ھۇ بىدئەدلەر، ھۇ ئىمانسىز پاسىقلار. . . ھۇ زىناخور بۇزۇقلار، شەرىئەتنىڭ كۇشەندىلىرى. . .

— چالما - كېسەك قىلىش كېرەك، ئەل كۆزىدە سازايى بولسەن ھۇ شەرمەندىلەر. . .

تىل - ئاھانەت قار - يامغۇردەك ياغماقتا، تاجىخان يىقىلغان يېرىدە كىچىك بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلىماقتا. ئىمام باشلاپ كىرگەن ئىككى ياش، مۇئەززىن بىلەن روزىئاخۇننىڭ كۆزلىرىگە قوللىرىنى چىنەپ ئۇنى نامەھرەملىكتە ئەيىبلەپ، شەرىئەتنىڭ كۇچىنى كۆرسەتمەكتە. ئىمام بۇ-

زۇقچىلىقنىڭ بىرەر بەلگە، ئىسپاتىنى ئىزدەپ ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە، بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە نەزەر سېلىپ چىقتى. كارىۋات ئۈستىدە تېخى يىغىلمىغان داستىخان، يېيىلمەي ئېشىپ قالغان تائاملار، چىنە ـ قاچىلارنى كۆرۈپ قوش پەلەككە ئۆرلىگەن غەزىپى ئازراق بېسىققاندەك بولدىيۇ، لېكىن ئۆيگە بېسىپ كىرگەن ئىككەنسەن، كېچە ـ ئاخشامدا بىللە نەغمە ناۋا قىلىشىپ ئولتۇرغان بۇ بىنومۇس دوۋزىخىلەرگە شەرئىي ئىسلامنىڭ تەنبىھىنى بېرىپ قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئىمام شۇنداق ئوي ـ خىيالدا تۇرغاندا ئۇنىڭ گۇنسىز كۆزلىرىگە روزىئاخۇننىڭ كەينىدە تامغا يۆلەپ قويۇلغان دۇتار چېلىقتى. ئىمام سۇپىغا چەبدەسلىك بىلەن چىقىپ دۇتارنى ئالدى ـ دە، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە قورسىقىنى قاتتىق ئۇردى. دۇتار چۇۋۇلۇق سېۋەتتەك مىجىلىپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى تارى بىلەن ئىمامنىڭ بىلەككىلىرىگە يۆگىشىپ قالدى. ئىمام قولىدىكى دۇتارنىڭ سېپىنى چۆرۈپ يانغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن خۇددى غازاتتىن نۇسرەت بىلەن قايتىپ كەلگەن لەشكەر بېشىدەك ئەگەشكۈچىلىرىنى كەينىگە سېلىپ غادايغانچە چىقىپ كەتتى. تۇيۇقسىزلا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەدىن گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان روزىئاخۇن ئۆزىگە قىلىنغان بۇ ئىزا ـ ئاھانەتلەرنى ئارتۇقچە ئويلاپ ئولتۇرمىدى. چۈنكى ئۇ تاجىخان ئۈچۈن ھەتتا ئۆلۈشكىمۇ، ھەر قانداق جاپا ـ رىيازەتلەرنى چېكىشكىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈشكىمۇ رازى ئىدى. تاقەت شاتلىقىنىڭ، بەختىنىڭ ئىشىكى دەپ بىر ئۆمۈر كۈتۈشكە ئىرادە قىلغانىدى. لېكىن تاجىخاننىڭ خورلۇق تارتىشىغا، مەھەللىدە سۆز ـ چۆچەككە قېلىپ يۈز ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىگە چىدىمايتتى. ئۇ

ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇ ئاجىزەنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈزلىرىنى مورلاپ، توپا - تۇپراق بولۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى. لېكىن بۇ ھالدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. روزىئاخۇننىڭ جانپىدىن مۇشۇ سەتچىلىككە قالغان تاجىخان شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھەرقانداق شېرىن - سۆزلىرى بولسىمۇ ئاڭلاشنى خالىمايتتى. روزىئاخۇن بۇنى بىلەتتى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ بېقىپ، خۇددى سەپەردە ئېتى ئۆلۈپ قالغان يولۇچىدەك سالپىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئىمامنىڭ تاجىخاننىڭ ئۆيىگە ئادەم باشلاپ كىرىپ روزىئاخۇن بىلەن ئىككىسىنى سوئال - سوراق قىلىشى، دۇتارنى چېقىپ، ئۆيلەرنى ئۆرە - تۆپە قىلىپ چىقىپ كېتىشى يۇقىرىقى گۇجاندا جىمى غەيۋەتخورلارنىڭ، بىكار تەلەت خوتۇنلارنىڭ، تىلى - تىگچى دەللاللارنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك دەسمايىسىغا ئايلىنىپ، مەھەللىدە تاجىخاننى خېلىلا سېسىتتى. نومۇس كۈ- چىدىن، غۇرۇرى دەپسەندە بولغانلىقتىن ئۇ نەچچە كۈنگىچە سىرتقا چىقماي دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلىدى. گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. تاجىخان ئۆزىنى شۇنچىۋالا دەردى - بالاغا گىرىپتار قىلغان بۇ رەسۋاچىلىقنىڭ سەۋەبىنى ئاشۇ ئار - نومۇسنى بىل- مەيدىغان، قاشاڭ روزىئاخۇندىن كۆرسىمۇ، يەنە ئاكىسى تۇردى- ئاخۇننىڭ ئايالىدىن ئۆزى ھەققىدە جىمى سۆز - چۆچەكنى پەيدا قىلغۇچى، تاراتقۇچى دەپ گۇمانلىناتتى. ئىمامنىڭ ئۆيگە باستۇ- رۇپ كىرىشىنىمۇ يەڭگىسى چېقىپ قويغانلىقتىن دەپ بىلەتتى. شۇڭا «يېقىننىڭ سانجىغان يىڭنە دۈشمەننىڭ سانجىغان نەيزىدىن يامان» دېگەندەك، ھەممە كەلگۈلۈكنى ئاكىسىدىن، يەڭگىسىد- دىن كۆرۈپ، ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى. تۇغقانچىلىق قىل- مايتتى. تاجىخاننىڭ بۇگۈنكى يەڭگىسىنىڭ ئەپچىققان ئېشىنى

تۆكۈپ هاقارەتلىشى، ئاكىسى بىلەن ئارازلىشىپ قىلىشىمۇ مۇ-
شۇ سەۋەبتىن ئىدى.

※ ※ ※

تاجىخاننىڭ كۆڭلىرى بەنىتى زىندان بولغان مەهبۇستەك
بۇرۇقتۇرمىلىق، ئىچ پۇشۇقى ئىچىدە ئۆتمەكتە. كېچەيۇ كۈن-
دۈز، تاقاق، ئېغىلدىكى بىر نەچچە قوي - كالا، توخۇ -
تۇمانلارنى ئانچە - مۇنچە يوق-لاپ تۇرس-مۇ ئەمما ئۆزى بىلەن
كارى ي-وق، سۇن-ى ئەل ياتـقۇ بولغاندا ئەكىرىۋال-دۇ. تـە-
تۇر قىسمەتنىڭ قەهرلىك سوغۇقى ئۇنىڭ قەلبىنى، ۋۇجۇدىنى
تاشتەك قاتۇرغان، شۇ تاپتا ئۆزىنى مۇشۇ كۈنگە قويغان، شۇكۇر
قانائىتى يوق روزىئاخۇننى ئۆلتۇرۇۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدۇ.
ئاكىسى بىلەن يەڭـگ-ىس-ىن-ىمۇ هەرگىز كەچۈرگ-ۈسى يوق.
ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىر «بېشىغا كەلگەن بۇ سورۇقچىلىقنىڭ
هەممىسى تۇل ئولتۇرغانلىقىمدىن، بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇت-
مىغانلىقىمدىن ئىكەن، كونىلارنىڭ ‹ئۆڭكۇر بولسىمۇ ئۆيۈم
بولسىكەن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسىكەن› دېگىنى راست
ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ روزىئاخۇنغا ياتلىق
بولۇشنى خالىمايتتى.

روزىئاخۇن تاجىخاننىڭ ئورمىسىنى ئوربغان ئاشۇ كۈنلىرى
ئېتىزدا ئۇنىڭغا:

— سىز بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالسام ئۆمۈرۋايەت خارلىق
تارتقۇزمايمەن، بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن، — دېگەندە، تاجى-
خان:

— شۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى روزىئاخۇن، ئەمما كۆڭۈل

دېگەن بىر قۇشكەن، ئۇچۇپ بېرىپ قىزىل گۇلگە قونامدۇ؟ ياكى ئازغانغىمۇ، بىلگىلى بولمايدىكەن، ئۆزلىرىگە مەيلىم بول-مىسا، سىلىگە ماقۇل دېيەلەمتىم؟ ــ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ روزىئاخۇننىڭ «جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرە-كىمنىڭ سەكپارىسى، بۇلبۇلدىن ئاۋاز ئالغان، تولۇن ئايدىن تۇس ئالغان» دېگەندەك بېيىت - قوشاقلار بىلەن توشقان خېتى-گىمۇ كۆڭۈل مايىللىقى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب قايتۇرغان-دى.

تەلەپ، ئىلتىجانىڭ قاندۇرۇلمىغانلىق ئاچچىقى بالا - قازا-دىنمۇ يامان، تاجىخاننىڭ جاۋابى روزىئاخۇننىڭ ئىششىق ئوتىدا چاڭقىغان كۆڭۈل ئېتىزىنى تېخىمۇ قۇرۇتتى. تەشنالىقىنى تې-خىمۇ ئاشۇردى. ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان، گۈزەللىكتە بۇ ئەتراپتا تەڭدىشى يوق، قىلىقى تاتلىق، تىلى ئاندىن شېرىن بۇ چوكاننىڭ ئوتى روزىئاخۇننى ئۆمۈرلۈك ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

شۇڭا ئۇ تەڭلىگەن گۇلىگە بۇلبۇل قونمىغانلىقىنى ئۆزىدىن كۆرمەي «تاجىخان مېنى نامرات دەپ ياراتمىدى، چىرايلىقچە ئۇنىسا ئۇنايدۇ، بولمىسا كۈچۈمدىن كۆرىمەن، مېۋىنى شېخىنى يېرىپ يەيمەن» دەپ پەيت پايلاپ يۈرەتتى.

يورۇغقاش، قاراقاش، بورانچى دەريالىرىغا كەلكۈن كېلىپ بۇزاڭلارنىڭ، چۆل - جەزىرىلەرنىڭ تەشنالىقى بېسىققان، ئىلا-چى ۋادىسى يېشىلىققا قايتىدىن رەڭ ئېلىپ جەننەت تۇسىگە كىرگەن، ھاۋا سۈزۈلۈپ خىلۋەت قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى بىمالال كۆرگىلى بولىدىغان، جىمى مېۋىلەر پې-شىپ ئادەملەر باغ مەئىشەتلەرگە تويغان پەيت. تونجى ئېرىنىڭ زالىملىقى، بۇزۇقلۇقىدىن كۆپ رەسۋاچىلىق كۆرگەن، قان - ياش يىغلاپ «ئەر دېگەنگىمۇ تېگەمدۇ، ئۆمۈرۋايەت تۇل ئۆتكى-

نىم ئۆتكەن» دەپ ئۆزىگە قەسەم ئىچكەن تاجىخان ھېلىقى ئىمام ۋەقەسىدىن كېيىن «قوشلارنىڭ جېنىدا جوپى بار ئىكەن، ئادەم دېگەن تەنھا ئۆتەلمىگۈدەك، ئىنساپى بار، دىيانىتى بار ۋاپالىق بىرى كەلسە مەيلىكەن» دېگەن ئويدا يۈرگەن بىر پەيتتە ئارال كەنتىدىن قاسىم ئاخۇن باي دېگەن 40 ياشلاردىكى سودىگەر كىشىنىڭ ئەلچىسى — بۇۋۇم سوپەت، تەقى - تۇرقى پاكىز ئايال ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— ئاڭلىساق ئاتا - ئانىلىرى يوقكەن، ئاكىلىرى بىلەنمۇ ئەپ ئەمەسكەنلا، قىزىم، شۇڭا مەقسەتنى ئۆزلىرىگىلا دېمەكچى بولدۇق، — دەپ گەپ باشلىدى ئەلچى ئايال، — بەلكى بىلىدىغانلا، قاسىم باي ئارال تەۋەسىدە يۈز ئابرۇيى بار، زەردار ئادەم، رەھىمدىل، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. ھىدايەت يولىدىن چىقمايدۇ. ئىككى يىل بۇرۇن كۆيەسى تۇغۇتتىن يېشىلمەي قازا قىلغان. مەن ئۇ كىشى بىلەن قوشنا. بىرەرى بىلەن بېشىنى قېتىپ قويايلى دەپ خېلى - خېلى يەرلەرنى كۆرسەتسەك ھېچقايسىسىنى ئەرزىتمىدى. خۇدا رىزىقىنى ئۆزلىرى بىلەن چاتقان چېغىكەن، كۆڭۈل قۇشى ئۆزلىرىنىڭ چىمەنلىكلىرىگە قونۇپتۇ، شۇ ۋەجىدىن ئەلچى بولۇپ كەلدىم. ياق دېمىسىلە بالام، قولدىن چىقىرىپ قويمىسىلا، خۇدا بەرگەن قولى كەڭ، خىزىردەك ئادەم ئۇ.

تاجىخان دەرھاللا بىر نەرسە دېمەي مىيىغىدا كۈلۈپلا قويدى. تەجرىبىلىك ئەلچى ئايال بۇ كۈلكىدىن ھەممە نەرسىنى چۈشەندى. ئۇنى كۆڭلىدە قوشۇلغانلىق دەپ پەملىدى.

— بىر نېمە دېسىلە قىزىم، يارىسىز ئۆمۈر ئۆچكەن ئوت دەپتىكەن، — دېدى ئەلچى، — مەن ئانىلىرى دېمەتلىك ئايال، سىلىگە ياخشىلىق تىلەيمەن شۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلىرى بولغان

بولسا سىلىدەك پەرى سۈپەت خېنىمغا ئەتىۋارلىرىنى قىلىپ پۈتۈن ئاراللىقنى ئەلچىلىككە ئەكەلسەكمۇ ئازلىق قىلاتتى.

— ھامىنى بىر باشقا بىر بۆك لازىم دەپتىكەن، خورلىمىسىلا، قەدىرىمنى بىلسىلا خىزمىتىدە بولۇشقا رازىمەن، — دېدى تاجىخان خىجىللىقتا ئويچان كۆزلىرىنى ئايالدىن ئەپ قېچىپ.

— ئاغىزىلىرىنى ئۇشۇتمىسىلە، قىزىم، سىلە قوينىڭ ئادەم چىشلىگىنىنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇ قويدەك ياۋاش، رايىش ئادەم تۇرسا، سىلى ئۇنى بوزەك قىلىپ ياقىسىدا ئۆلەڭگۈچ ئۈچمىسىلا، ئۇنىڭدا گەپ يوق، قالغىنىغا مەن كېپىل.

شۇنداق قىلىپ تاجىخان قاسىمغا ياتلىق بولۇشقا رازىلىق بەرگەن بولدى. كەلگەن ئەلچى بىرلا بولسىمۇ ئۆيگە ئۈن - تىنسىز، داغدۇغىسىز كېلىپ تاجىخاندىن ئۆزگە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي غىپپىدىلا كەتكەن بولسىمۇ، بۇ خەۋەر ئەتراپقا تېزلا پۇر كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پېيىدا يۈرگەنلەر، كۆرەلمەي ھەسەت قىلىدىغانلار ئۈچۈن بۇ ئىش گويا ئۆز ئانىسىنىڭ قايتا ئەرگە چىققىنىدەك غەلىتە، يېقىمسىز بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭسىزمۇ قايسى بىرىنىڭ مۈشۈكىنىڭ چاشقان تۇتماس بولۇپ قالغانلىقى، يەنە كىمنىڭدۇر سېغىن كالىسىنىڭ سۈتى ئازلاپ قالغانلىقىدەك ئەرزىمەس ئىشلارمۇ نەزەردىن چۈشۈپ قالمايدىغان بۇ مەھەللىدە ئۇلار ئۈچۈن تاجىخاندەك بىر گۈزەل رەنانىڭ ئەر تېپىلمىغاندەك سىرتقا ياتلىق بولۇپ چىقىپ كېتىشى خۇددى بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدا ئاي تۇتۇلغاندەك، چولپان يۇلتۇز كۆچكەندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ روزىئاخۇن بۇ ئىشنى گۈزەردىكى بىر چايخانىدا ئۆزىنىڭ تاجىخانغا ئاشىقلىقىنى بىلمەيدىغان بىكارچى چايخورلاردىن ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئەسەب نېرۋىلىرى جىددىيلەشكەن ئەھۋالدا

ئۆزىنى بېسىپ، ياندىكىلەرنىڭ قىلىشقان سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

— يۇقىرىقى گۇجاندىكى تاجىخان سەتەڭ ئاخىر ئاراللىق قاسىمبايغا ماقۇللۇق بېرىپتۇمىش، بىرەر ئاي ئىچىدە تويىنى قىلغۇدەك، — دېدى ئۇنىڭ كەينىدە سۇپا ئۈستىدىكى شىرە ئەتراپىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشقان ئىككى مېھماننىڭ بىرى بادام دوپپا كىيگەن، ئاق ماتا يەكتەكىنى بېلىدىن باغلىۋالغان، ئۆڭى قارا، ساقاللىق ئادەم، — تازا تەلىيى بار ئىكەن ئۇ باينىڭ، بۇنداق كېلىشكەن، خۇيى ئۇز چوكان بىلەن بىر كېچە بىللە بولغان ئەر بۇ دۇنياغا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلمىسا بولىدۇ. چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ بىرەر ئىككى ئېغىز ئۇز گېپى بار.

— ئاڭلىسام تۇنجى ئېرىدىن ئاجراشقاندىن بۇيان ئۆزىنى خۇددى قۇرئان ئىچىدە ساقلىغاندەك پاك تۇتۇپ كەپتۇ دېيىشىدۇ. كەينىگە كىرىۋالغانلارنىڭ بىرىگىمۇ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماپتىمىش، — دېدى يەنە بىر ئاق سېرىق، 35 ياشلار ئەتراپىدىكى كۇسا، چېقىر كۆز كىشى چاي قۇيۇۋېتىپ.

— لېكىننزە بىرى دەنانىڭ، بىرى رەنانىڭ بەختى قارا بولىدۇ دېگەندەك، بۇنداق گۇزەل خوتۇنلارنىڭ تەلىيى كۆپىنچە شورلۇق كېلىدىكەن. كەينىدىن يۇرۇپ مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەر ئۇنىڭغا زىدەپەسلىك قىلىدىغان ئىشلار بولىدىكەن، خۇدا ساقلار. قاسىمباي قولىدا بار، ئىمانىمۇ بار ھالال ئادەم، تاجىخان بىلەن بەختىنى تاپسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

روزىئاخۇن ئۇلارنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا چىداشلىق بېرەلمەي تۇيۇقسىز ئولتۇرغان يېرىدىن خوخا تىكەن ئۇنگەندەك قوپۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تاجىخانغا بولغان مۇھەببىتى نەپرەتكە، ھېسداشلىقى ئۆچمەنلىككە ئۆزگەرمەكتە ئىدى.

نەچچە يىل ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈپمۇ ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگىنىگە، ئويماقتەك ئېغىزى، جىنەستە رەڭلىك لەۋلىرىگە لەۋ ياقالمىغىنىغا، ئاشىق- لارنىڭ پىرلىرى ۋامۇقتەك، مەجنۇندەك، غېرىب، تاھىرلار- دەك ئىشىق چۆلىدە كۆڭۈل تەشنالىقىنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپمۇ بىرەر قېتىم دۆلەت بېغىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالمىغىنىغا ھەسرىتى چەكسىز ئىدى. «يا دەسلەپىدىلا گەپنى ئوچۇق ئېيت- مىدىڭ، ئىش ـ كۈشلىرىڭنى قىلسام ياق دېمىدىڭ، ئەمدى قاسىم بايغا تەگمەكچىمۇسەن، قېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولغىنىڭنى بىر كۆرەي» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

روزىئاخۇن دۆڭ مەھەللىدىكى ئۆيدىن چىقىپ گۇجان دەر- ۋازىسىغا بارغۇچە تاجىخان بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئامالى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ماڭدى. شۇ تاپتا «تېرىككەن توشقانمۇ ئادەم چىشلەر» دېگەندەك ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر ياۋۇزلۇق قوزغىلىپ كۈچىيىپ كەتتى. روزىئاخۇن بۈگۈن كەچ تاجىخاننىڭ ئۆز ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قوناقلىقتا ماراپ تۇرۇپ ئۇ مالغا ئوت ئېلىشقا چىققاندا ھېساب كىتابنى شۇ يەردە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا دائىم بارىدىغان چايخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

※ ※ ※

ياز ئوتتۇرىلىشىپ كەنجى قوناق باش ئالغان، جىمى ئەتراپ يېشىللىقتىن لىباس كىيگەن چاغ. سېخىي يازنىڭ نېمىتىدىن تويۇنۇپ خىيابان دەرەخلەر باغرىدا شوخلۇق قىلىشقان قۇش ـ جاندارلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، موزىيىدىن ئايرىۋېتىپ ئېڭىزلىققا باغلاپ قويۇلغان كالىنىڭ بالىسىنى سېغىنىپ ھەس-

-رەتلىك مۆرەشلىرى، يېقىنلا يەردىكى ئازمىدىن چۈشكەن سۇ-
نىڭ غېرىبانە شارقىرىشى، بۇلۇتسىز زەڭگەر ئاسماندا ئاشيان
قىلىپ ئويناۋاتقان كەپتەرلەر كىشىگە بىر خىل تىنچ، ئاراملىق
كەيپىيات بەخش ئېتىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى چىتەنلىك
باغلاردىن ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشقان ئالما، بىھى، ئامۇتلار-
نىڭ، قوغۇنلۇقلاردا، كۆزلەكنىڭ ئەتراپىدا سايىنىڭ تېشىدەك
يېتىشقان، تورلاشقان قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ مەززىلىك ھىدى
دىماغلارنى غىدىقلايدۇ. كۆن چىقىش تەرىپى يازىچە كەلكۈنى
ئۆكسىمەيدىغان يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن تۇتاشقان، ئۆزى ئىل-
چى بازىرىدىن ئېگىز گۈجان كەنتى مۇشۇ كۆنلەردە كېچە -
كۈندۈز ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان سەلكىن، شېرىن - شېكەر
مېۋىلىرى جەننەت كەبى ھۆزۈرلۇق باغلىرى بىلەن بىر ئارام-
گاھقا ئايلىنىپ قالىدۇ. روزىئاخۇن تاجىخان بىلەن كۆرۈشۈش-
نى كۆڭلىگە پۈككەن كۈننىڭ ئەتىسى كۈن قايرىلغان مەھەلدە
گۈجان مەھەللىسىدە تۇردىئاخۇننىڭ ئۆيىدىن 300 قەدەمچە يۇ-
قىرىدىكى ئازما بويىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن، ئۇيقۇ-
چان، گۈنسىز كۆزلىرىدىن ئارامسىزلىقى، كەيپىنىڭ ناچارلىقى
چىقىپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى ئاق ماتا كۆڭلىكىنى تەردىن بە-
دەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. مەيدىسى ئوچۇق ھالدا ئازمى-
دىكى بۇژغۇنلاپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ بادام دوپپى-
سى بىلەن يۈزلىرىنى يەلپۈپ ياغاچ لىم ئۈستىدە ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ شۇ ھالىتى ـــ مۈڭ، ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلى-
رى، «ئەگەر تاجىخان قاسىم بايغا تېگىش نىيىتىدىن چىرايلىقچە
يانمىسا ئۇنى دۈشمىنىمنىڭ قوينىغا تاشلاپ بەرگۈچە كۆزدىن
يوق قىلغىنىم تۈزۈك» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. روزىئا-
خۇن ئېسىقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تېنىمىنلا ئەمەس، ئۆزى

ئاشىق بولۇپ قالغان، ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما ئۇ-نىڭ تەلپىنى رەت قىلىپ باشقا بىرىگە، پۇللۇق بايغا كۆڭۈل بەرگەن ئاشۇ بىۋاپا خوتۇننى قانداق قىلىشنى بىلمەي قاپاق بولۇپ كەتكەن مېڭىسىنى سەگىتىش ئۈچۈن ئولتۇرغان يېرىدىلا كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ بالا سۇغا چۈمۈلۈۋاتقان ئازمىغا سەكرىدى. ئۇ مۇزدەك سۇدا بىر هازا يۇيۇنغاندىن كېيىن تۇردى-ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئىككى قاسىنىقىدا قويۇق جىگدە ئۆسكەن سۇسىز ئېرىق بىلەن قوناقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئېرىق بويلاپ مېڭىپ تۇردىئاخۇننىڭ باغ هويلىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاجىخاننىڭ قوناقلىقىدىكى بىر تۈپ شاپتۇلنىڭ دالدىسىغا بېرىپ ئولتۇردى.

روزىئاخۇن بىرە - بىرە بويۇنداپ ئۆرەكلەردىن تاجىخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە قارايتتى. ئوت ئالغىلى كەلمەي قويارمۇ دەپ غەم قىلاتتى - يۇ، تاجىخاننىڭ ئېغىلى تەرەپتىن قويلارنىڭ توختىـماي مەرەشلىرىنى ئاڭلاپ، ئوت بېسىپ كەتكەن قوناقلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا جەزم قىلاتتى. خېلىدىن كېيىن قۇياش تاغ چوققىلىرىغا باش قويغان مەزگىلدە قوناق شاخلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئازدىن كېيىن ئېرىقنى بويلاپ كەكلىكتەك يەڭگىل مېڭىپ كەلگەن تاجىخاننى كۆردى. ئۇ شۇنچە ئۈمىدسىز، كەـيىپسىز هالدىمۇ بۇ ساهىبجامال چوكاننىڭ تەڭرى بەرگەن گۈـزەللىكىنى يېڭىۋاشتىن هېس قىلغاندەك ئىدى. تاجىخان ئاق شايى كۆڭلەك كىيىپ، ئاق داكا ياغلىق بىلەن بېشىنى ياندىن چىگىۋالغانىدى. بىلىكىدە بىر كونا بۆز تاغار تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ كونا كىيىملەر بىلەنمۇ شۇنچە گۈزەل ئىدى. كۆكتە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا، گۈلزارلىقتا تولۇپ ئېچىلغان

ئاق لەيلىگۈلگىلا ئوخشايتتى. بۇنداق زىبا قامەتنى كۆرگەن روزىئاخۇن ئوتتا كۆيگەن قىلدەك تولغىناتتى، ئاھ ئۇراتتى. تاجىخان شاپتۇل تۈۋىدە ئولتۇرغان روزىئاخۇننى كۆرۈپلا تېز كەينىگە ياندى. روزىئاخۇن چاققانلىق بىلەن بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— قاچماڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

— ئارىمىزدا دېيىشكۇدەك ھېچنېمە يوققۇ؟

— سىز قاسىم بايغا ماقۇللۇق بېرىپسىزغۇ؟

— ھەئە، ئايال كىشى دېگەن يالغۇز ئۆتەلمەيدىكەن، ھامىنى بىر باشقا بىر بۆك لازىم.

— ماڭا نېمىشقا ئۇنىمايسىز؟ نامرات كۆرۈپمۇ؟

— ئاتا - ئانام مېنى بىرووۋغا موھتاج قىلماي چوڭ قىلغان. پۇل - مالغا ئۇنچىۋالا ھېرىسمەن ئەمەسمەن.

— ئەمىسە نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، بىز توي قىلايلى.

— مەن ئەزەلدىن لەۋزىمدىن يېنىپ باققان ئەمەس، قاسىم بايدىن ئەلچى كەلگىنىنى ھەممە بىلىپ بولدى.

روزىئاخۇن قوناق ئېتىزى بىلەن ئېرىقنى ئايرىپ تۇرغان قاش ئۇستىدە بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن كېتىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرغان تاجىخاننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە سۆرىگەچ دېدى:

— ئەگەر گېپىمگە كىرمىسەڭ، ماڭىمۇ يوق، ئۇنىڭغىمۇ يوق قىلىۋېتىمەن سەن جالاپنى، يۇر بۇياققا.

— ھەددىڭ ئەمەس، مەن ساڭا قەرزدارمىدىم - يا، قولۇمنى قويۇۋەت بەڭگى! — تاجىخان ئەتراپتا ئادەم بولسا ئاڭلار دېگەن نىيەتتە ئۈنلۈك - ئۈنلۈك سۆزلىدى، لېكىن باراقسان ئۆسكەن قوناقلار بىلەن تىنجىق ھاۋا ئىككىيلەننىڭ قىيا -

چىياسىنى، ئۇن ـ تىۋىشىنى ئۆز باغرىغا سىڭدۇرۇپ كېتەتتى.
تاجىخانىنىڭ ئاسانلىقچە ئەيۋەشكە كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن
روزىئاخۇن زورلۇق بىلەن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئاداققى مەقسىتىنى
ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇترىغان بۇقىدەك تاجىخانغا تېخىمۇ
زورلۇق ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ بار كۈچى بىلەن ئايالنى
قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە سۆرەيتتى.
— ھۇ قاراقچى، ئادەم بارمۇ؟ — تاجىخان بار ئاۋازى
بىلەن توۋلىغاچ كەينىگە تىرەجەيتتى. روزىئاخۇن سەل سەگەك-
لىشىپ، بىراۋنىڭ ئاڭلاپ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھې-
رىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان تاجىخاننى تارتىپ دۈشكەللەپ
يەرگە يىقىتتى ـ دە، خۇددى قارچۇغا توشقاننى ئاستىغا باسقان-
دەك ئايالنىڭ كۆكرىكىگە تىزلىرىنى قويۇپ ئۇنى مىدىرلىيال-
ماس قىلىپ قويدى. روزىئاخۇن توختىماي ۋارقىراۋاتقان تاجى-
خاننىڭ قوللىرىنى قايرىپ بېشىدىكى ياغلىقنى يۇلۇپ ئالغىنى-
چە تاجىخاننىڭ ئاغزىغا كەپلىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆچكى-
نى بىلەن تېنى ساغلام تىمەن ئىدى. رەقىبىنى تېپىپ، يۇزلى-
رىنى مورلاپ، ئۆزىگە يېقىن يوللاتماسلىققا تىرىشاتتى. شۇ تاپتا
ئۆز ئەجىلىگە كۆزى يېتىپ تۇرسىمۇ ئايالار زاتىدا كەم كۆرۈلى-
دىغان جاسارەت، غۇرۇر بىلەن قارشىلىق قىلماقتا ئىدى. چۈنى-
كى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قورقۇش دېگەن نەرسە يوق ئىدى. رەقىبى-
نىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىلا ئىستەيتتى. ھېچبولمىغاندا بىر
دەملىك ھايۋانىي نەپسىنى بولسىمۇ قاندۇرۇۋېلىش نىيىتىدە يا-
ۋۇزلاشقان روزىئاخۇن ئايالنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇشقا ئامال-
سىز ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بىرەرىنىڭ بۇ يەردىكى غەلۋە ـ غوۋغا-
نى ئاڭلاپ، كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. لېكىن
ئۇ تاجىخاننى مۇشۇ ھالدا قالدۇرۇپ كەتسە قىلغان ـ ئەتكەنلى-

رىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى، ھەم ئۇنى مۇرادىغا
يەتكۈزمىگەن بۇ گۈزەل چوكاننىڭ شۇ پېتى قاسىم بايغا قېلىشى-
نى زادىلا خالىمايتتى.

روزىئاخۇن كۆز ئالدىدا بىرلا يولنىڭ، يەنى ئۆزى ئەسەبىي-
لەرچە ياخشى كۆرگەن، ئەمدىلىكتە قانات - قۇيرۇقى چۇشۇرۇ-
لۇپ، ئەجەل كۈتۈپ ياتقان بىچارە قۇشتەك ئاستىدا تىپىرلاۋات-
قان تاجىخاننى كۆزدىن يوق قىلماي، ئۆزىگە ئامانلىق بولمايدى-
غانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئايالنى قوناقلىقتىن سۆرەپ
ئىككى قېشى قويۇق چىملىق ھۆل ئېرىقتا تارتىپ چۇشۇردى.
تاجىخاننىڭ يۈز - كۆزلىرى ھۆررەك - ھۆررەك ئىششىغان،
چاچلىرى چۇۋۇلۇپ توپا، ئەخلەتلەرگە مىلەنگەن، كىيىملىرى
تىتما - تىتما بولۇپ، پۈتۈن ئەتىيانلىرى قارىغۇسىز بولۇپ
كەتكەنىدى. خۇددى تولۇپ - پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال
قىزىل گۈلنى مىجىقلاپ گۈلخانغا تاشلىغاندەك ئۇنىڭ ئىلگىرى-
كى گۈزەل رۇخسارى، زىبالىقى نابۇت قىلىنغانىدى. تاجىخان
ئىگىرىغاچ يىللاردىن بېرى «ئاشىقمەن» دەپ رودىپايدەك كەينىگە
كىرىۋالغان بۇ ياۋۇز بەدنىيەتكە جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق قىل-
ماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇ ئاياللىق غۇرۇرىنى، ئىپپەت نومۇ-
سىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرەر سائەتچە جېنىنىڭ بارىچە
ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاياللارغا خاس جىسمانىي كەمتۈك-
لۈك تۈپەيلىدىن روزىئاخۇنغا تەڭ كېلەلمىدى. بارا - بارا ھالى-
دىن كەتتى. ئەنسىزچىلىكتە قورقۇپ تۇرغان، كۈنچىلىك ئادا-
ۋىتىدىن ئادەم سۆرەتلىك ئەزرائىلغا ئايلانغان روزىئاخۇن تاجى-
خاننىڭ گېلىنى بوغۇپ باش بارماقلىرىنى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ
كېكىردەكلىرىگە كۈچەپ پاتۇردى. تاجىخان مۇشۇ ئاخىرقى دە-
قىقىلەردىمۇ رەقىبىنىڭ قامالىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ جېنىنىڭ

بارىچە كۆچەپ باقتى، لېكىن ئۇ ئەزرائىلنىڭ مۇددىئاسى تاجىـ
خاننى قەبزى قىلىش ئىدى. كۆچلۈك بارماقلار ئاخىرى ئۇنى
نەپەستىن قالدۇردى. تاجىخان باشقا بىرىنىڭ قولىدا ئەمەس،
ئۆز چىرايى ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ، «ساڭا كۆيدۇم، پىشتىم»
دەپ يۈرگەن بىر نالايىقنىڭ قولىدا جان بەردى. شۇ مەھەلدە
ئۇنىڭغا پەقەت بۇ قاتىللىققا شاھىد بولغان دەل ـ دەرەخلەر،
ياپراقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان قوناقلار، مۈڭلۈق، غېرىب
ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇشۇۋاتقان ھاشاراتلارلا سۈكۈتتە تۇرۇپ ھازا
تۇتۇشتى. قاتىل تاجىخاننى مىدىرلىتىپ بېقىپ، ئۇنىڭ ئاخىـ
ـرەتكە رەھلەت قىلغانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئەتراپقا
ئالاقزادىلىك بىلەن قارىغاچ كۆز چىقىش تەرەپ ـــ ئارال كەنتى
تامان مېڭىپ، تېزلا غايىب بولدى. بۇ بۈككىدە قوناقلىق بۇ
جىنايەتنى بىردەملىك يوشۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قارغا
كۆمۈلگەن ئۆلۈك بەرىبىر ئاشكارا بولغاندەك، ئۈچ ـ تۆت
كۈنلەردىن كېيىن گۈجەنباغلىقلار بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تېپىپ،
ئۆلۈغ ـ ئۇششاق ھەممىسى ھازا كىيىمى كىيىشتى.

※ ※ ※

تاجىخاننىڭ بىدىرەك يوقاپ كەتكىنىگە تۈنجى قېتىم دىققەت
قىلغان ھەم ئۇنىڭ ـ ۋۇرۇشتىسىنى قىلغان كىشى يەنىلا ئاشۇ
ئۆچ كۆرىدىغان يەڭگىسى بولدى. ئۇلار ئۆز ئارا سالام ـ سائەت
قىلىشمىسىمۇ، لېكىن كۆل بېشىغا سۇغا چىقـقانلىرىدا
ياكى مال ـ ۋارانلىرىغا ئوت ئېلىشقا ماڭغانلىرىدا بىر ـ
بىرىنى ئۇچرىتىپ قالاتتى.

يەڭگىسىنىڭ تاجىخاننى كۆرمىگىنىگە بۈگۈن نەق ئۈچ كۈن

بولدى. ئۇنىڭ قىغنى دەپ بېقىپ قويغان نەچچە تال قويى بىلەن بىر غۇنۇجىن موزاي كېچەيۇ كۈندۈز مۆرەپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتتى. قولۇم ـ قوشنىلارنىمۇ ئۇخلاتمىدى. ناۋادا تاجىخان ئۆيدە بولسا ماللارغا ئوت ئېلىش، ئۇلارنى سۇغىرىش ئۇچۇن بولسىمۇ تالاغا چىقىشى كېرەك ئىدىغۇ. تەتۈر قارىشىپ قالمىدىغان بولسا بۇ چاغقا ئۆيگە كىرىپ يوقلاپ، كېسەل بولسا ھالىدىن خەۋەر تېپىپ ماللىرىنى بېقىپ قويماسمىدى؟! نېمىلا قىلغان بىلەن تاجىخان ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرى، كارى بولماي بەخىرامان يۈرۈشكە كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ؟

— دادىسى، — دەپ گەپ باشلىدى يەڭگە ئەتىگەن ناشتىدا ھويلىدىكى لەمپە ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ، — تاجىخان ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى تالا ـ تۈزدە ھېچ كۆرۈنمەيدۇ. قويلىرى تولا مەرەپ ئاۋازى ئۆچەي دېدى، ئەگەر ئۇ ئۆيدە بولغان بولسا ھېلىغىچە بىرەر شەپە بولاتتى. بىر ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ باققان بولساق.

— تولا ئۇنىڭ دېيىنى چالماي چاقىڭنى ئېگىرگىنە، سېنى كىچىككىنە بولسىمۇ كۆزگە ئىلىپ قويغان بولسا قانچىلىك يايغۇسىنى ياياتتىڭكى.

※ ※ ※

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن تاجىخان سىلىنىڭ بىر قورساق تۇغقانلىرى، مېنىڭ يەڭگەم، ئارىمىزدىن مۇشۇك ئۆتكىنى يوق. «تۇغقاننىڭ سوقۇشقىنى تاۋار ـ تۈرقىنىڭ يىرتىلغىنى» دېگەن گەپ بار، خەق ئارىغا گەپ تېرىمىغان بولسا مۇنداقمۇ بولماستى.

تۇردىئاخۇن ئائىلىغا ھېلىقىدەك كايىغىنى بىلەن دۇنيادا يېگانە تۇغقىنى، كىچىكىدىن تارتىپ جېنىدىن ئېزىز كۆرگەن سىڭلىسىدىن ئۈيۈپ قالغاندى. تۇغقانلىق رىشتە ھىدا-

يەت يولىدىن تايىمغان ساپ قانلىق تۇردىئاخۇننىڭ ۋۇجۇدىدا ھامىنى ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن ئۇستۇن تۇراتتى. ئۇ گويا ئۇيقۇ خاۋالىتىدىن سەگىپ، قىممەتلىك نەرسىسىنى يىتتۇرگىنىنى سەزگەن كىشىدەك ئەنسىزچىلىكتە تىپىرلاپ، سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە ئۆگزىدىن شوتا قويۇپ چۇشتى. ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قولۇم ـ قوشنىلاردىن تاجىخاننى سۇرۇشتۇردى. يېقىنلىرىنى، خۇلۇم ـ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى ھېيتكا، قىزىق دەرۋازا، سۇ دەرۋازا، گۇجەنباغ، تامباغ تەرەپلەردىكى تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئەۋەتتى. ئۆزى ئارال تەرەپكە قاسىم باينىڭ ئۆيىگە ئالدىراش ماڭدى. ئايالى تاجىخاننىڭ ماللىرىغا يەم بوغۇز بەرگەچ ئۆيدە خەۋەر كۇتتى. ئىككى كۇنگىچە ئىزدەك، سوراشتۇرۇشلار بولدى. لېكىن ئەتراپقا ئىزدەشكە كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى «يوق» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىشتى. تۇردىئاخۇننىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئۇيۇپ، ئەمدى مۇشۇ بىرلا سىڭلىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ بۇ جۇدالىقتا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەرمەن، بىرگىنە سىڭلىسىغا باشپاناھ بولالماپتۇ دەپ ئەل ـ كۇن ئەيىبلىمەسمۇ؟ ئاتا ـ ئانامنىڭ روھى قورۇنماسمۇ؟.. دەپ تەشۋىش، ساراسىمىگە چۇشۇپ قالغاندى. ھەتتا ئۆزى «سىڭلىمنى يولدىن چىقاردى» دەپ ئۆچ كۆرىدىغان روزىئاخۇننىڭ ئۆيى تەرەپكىمۇ بېرىپ تىڭتىڭلاپ كۆردى. ھويلىغا ئۇزۇلمەي كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغانلارنىڭ تاجىخان توغرىسىدىكى قىياسلىرى، «بىرەر جايغا كەتكەندۇ، قايتىپ كېلەر» دېگەن تەسەللىلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئەس ـ يادى بىرەرىنىڭ تاجىخاننىڭ تىرىكلىك نىشانىنى ئېلىپ كېلىشىنى كۇتۇشتە ئىدى. زارىقىپ كۇتۇشلەر،

ئىزلەشلەر، ئىچ ئاغرىتىپ ئۇھسىنىشلار، ئۇن سىلىپ يىغلاش-
لار بىلەن ۋاقىت ئۆتمەكتە، تۇردىئاخۇننىڭ شىرەم تۇغقانلىرى،
باغرى يۇمشاق قوشنا ئاياللار پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ
يىغا ـ زار قىلىشماقتا. لېكىن يەنىلا ئۇنىڭدىن خەۋەر يوق.
ئالەم پېشىنگە تارتقان مەھەلدە تاجىخاننىڭ 10 كۈندىن كېيىن
توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان بولغۇسى ئېرى قاسىم باي كې-
لىپ، يۈزلىرىگە توپا ـ تۇپراق چېچىپ، قار ـ يامغۇر يىغلاپ
تەگرىگە نالە قىلىۋاتقان تۇردىئاخۇنغا تەسەللى قىلىۋاتقاندا، هويى-
لىغا 17 ـ 16 ياشلاردىكى ئاق ماتادا كۆڭلەك كىيگەن بىر
قاراموتۇق قىز چىرايى تاتارغان هالەتتە هاسىرىغىنىچە دەرۋازد-
دىن ئېتىلىپ كىردى ـ دە، «تاجىخان ئاچام ئۆينىڭ كەينىدىكى
قوناقلىقتا. . .» دەپ دېمى سىقىلىپ گېپىنى داۋام قىلالماي
قالدى. قوشنىلارنىڭ بۇ قىزنىڭ ئېيتىزلىققا ئوت ـ چۆپ
يىغقىلى چىققانلىقى تۇرقىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. هويلىدا خەۋەر
كۈتۈپ تۇرۇشقانلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ
گاھىسى هويلا تېمىدىن ئارتىلىپ، گاھىلىرى ئىشىكتىن يۈگۈ-
رۈشۈپ ئۆستەڭ كەينىدىكى قوناقلىققا يۈگۈرۈشتى ـ دە، هايال
ئۆتمەي قوناقلىق تەرەپتىن ئۇلارنىڭ قىيا ـ چىيا قىلىشقان،
يىغلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. تۇردىئاخۇننىڭ يىغى-
سى، نالە ـ پەريادلىرى يىراقلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى.
شۇ ئارىدا بىر توپ ئەر ـ ئايال جامائەت قارا كىگىز جەينامازغا
ئورالغان تاجىخاننىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ هويلىغا كىرىپ كەل-
دى. شۇ هامان ئۇ كىشىلەرنىڭ يىغىسى ئاللىتوۋنغا ئۆزگە-
رىپ، ئەمدىلا 20 نەچچە ياشلارغا كىرگەن، ئەتىرگۈل غۇنچە-
سىدەك گۈزەل چوكاننىڭ هازىسى باشلاندى. شېرىن زۇبان،
كىشىگە يامانلىقى يوق تاجىخانغا گۇجاندا كۆز يېشى قىلمىغان

بىر نىمۇ قالمىدى. كىشىلەر «چىراي دېگەن قىز ـ يىگىتكە بىر مەنسەپ» دېيىشىدىغان، لېكىن تاجىخانىنىڭ ئايدەك رۇخسارى-نىڭ ئۆز جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى شۇ تاپتا كىشىلەر ئانچە پەرەز قىلىپ كەتمەيتتى.

تاجىخانىنىڭ مېيىتى هويلىغا ئەكىرىلىپ بىر چاي قاينىتىم ۋاقىت ئۆتكەندە، سول كۆزى سەل ئالغاي كەلگەن، بەستلىك، كوسا ساقال ئىمىن ئاخۇن يۈز بېشى ئىككى دوغىنى كەينىگە سالغىنىچە ئۆيگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى ـ دە، ئايۋاندىكى سۇپىدا چايچاپ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان مېيىتنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقىنى قايرىپ تاياق زەربىسىدىن پولتىيىپ چىققان كۆزلەر-نى، كۆكەرگەن، ئىششىغان مەڭزىلەرنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالغان هالدا پەگادا قول باغلاپ تۇرۇشقان جامائەتلەرگە، مەهەللە ئىمامىغا كايىدى:

— جەسەتنى ئورنىدىن يۆتكەك دەپ كىم بۇيرىدى سىلەر-گە؟ تېخى تۇنۇگۇنلا سېنى ساق يۈرگەن بىر ئادەم بۈگۈن ئۆلۈپ ياتسا ئۇنى كىم قەتلى قىلدى؟ جاۋابكار نەگە قاچتى دېمەي توخۇ ـ توشقاننىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈۋەتكەندەك يىغىشتۇرماقچىمۇ؟ خۇن دەۋاسى قانداق داۋا بىلەمسى-لەر! ؟ بەگ ـ ئامباللار ئاڭلىسا، يۈز بېشى، مىڭ بېشىلار يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىماي ئىشەك بېقىپتىمۇ دېمەسمۇ؟ ! دەرهال ئۆلۈك تېپىلغان يەرگە ئادەم قويۇڭلار، بەلگە ئىزلار ئۆچۈپ كەتمىسۇن، بىز بۇ قاتىللىقنى هازىرلا مىڭ بېشى ۋە بەگكە مەلۇم قىلايلى! — يۈز بېشى سۆزىنى تۈگىتىپلا دورغى-لىرىنى كەينىگە سېلىپ سىرتقا ماڭدى.

تاجىخانىنىڭ سىرلىق ئۆلۈمىدىن ئىبارەت بۇ پاجىئە يۈز بېشى ئارقىلىق تېزلا مىڭ بېشى ۋە بەگ ـ ئامباللارغا يەتكۈزۈل-

دى. ئادەت، رەسمىيەت بويىچە بۇنداق ئۆلۇم، قاتىللىق ۋەقەلىـ
رىدە ئامبالغا، ھەتتا ئۇرۇمچىدىكى جاڭجۇن ياكى مۇلىغىچە مەلۇم
قىلىنىپ، شۇ يەردىن كەلگەن يارلىق بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتـ
تى. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەھەلدە ئامبالنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن يامۇلدىن تاجىخانىنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى ئىدىتلاش
ئۈچۈن كويەن، تەپتىشلار، ئىزچىلار چىقىپ، ئالدى بىلەن
قولۇم ـ قوشنىلار، يەڭگىسى ۋە تۇردىئاخۇن قاتارلىقلاردىن
ئەھۋال ئىگىلەشتى. ئاندىن تاجىخانىنىڭ ئۆلۈكى تېپىلغان قوناقـ
لىققا مېڭىشتى. ئۇلار ئېتىزلىقتىكى ئىزلارغا ھەممىدىن بەكـ
رەك سەپسالاتتى. ئەمەلدارلىق كىيىمى كىيگەن، ياش قۇرامى
تەڭ ئىزچى ۋە ئىمىن ئاخۇن يۈز بېشى، يەنە بىر نەپەر دورغا
قاتىللىق يۈز بەرگەن جايدىن بىر ئىزنىڭ كۈن چىقىش تەرەپكە
كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە ئىزلاپ مېڭىشتى. 200
قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن بىر يارداڭلىققا دۈچ كېلىشتى. ئىز
پەسكە چۈشۈپ، قويۇق چىم قىياقلا ئۆسكەن كەڭرىلىككە بېرىپلا
يوقالغانىدى. ئۇلار نائىلاج قايتىپ كېلىپ ياندىكى قوناقلىقتا
ئېرىق بويلاپ كەتكەن يەنە بىر ئىزنى قوغلىشىپ، مېڭىشتى.
لېكىن ئاز ئۆتمەي قوناقلىق تۈگەپ، بىر ئوچۇقچىلىققا، تاجىـ
خانىنىڭ قوناقلىقىغا ياندىش تېرىلغان قوغۇنلۇققا چىقىپ قالدى.
بۇ تۇردىئاخۇننىڭ قوغۇنلۇقى بولۇپ، پىشقان قوغۇنلارنىڭ ھىدـ
دى دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. ئېتىزلىقنىڭ يولغا يېقىنراق يېرىدە
ئەتراپىغا كاۋا ـ قوغۇن پىلەكلىرى ياماشقان كۆزلەك بولۇپ،
12 ـ 11 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئاشۇ كۆزلەك يېنىدىكى ئېتىزغا
تىزىلغان قوغۇنلارنىڭ يېنىدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ
تۇردىئاخۇننىڭ بالىسى بولۇپ تىلسىز ئىدى. ئىما ـ ئىشارەت
بىلەن مەقسەتنى ئاز ـ تولا چۈشىنەتتى. كويەن، مىڭ بېشىلار

قوغۇنلۇق ئېتىزىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كۆزلەكىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، پاكارراق كەلگەن ئىزچى بالىدىن سورىدى:
— ھەي بالا، ئۇلۇشكۇن كەچ تەرەپتە ئاۋۇ قوناقلىق تەرەپتە بىرەر ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟
بالا ئېغىزىنى ئېچىپ، ئىزچىغا ھاڭۋاققىنىچە قاراپ تۇر-دى.
— گەپ قىل، بىرەرنى كۆردۈڭمۇ ـ يوق؟ — دېدى يۈز بېشى بالىغا گۈلىيىپ. بالا باشتا بېشىنى چايقاپ ئاندىن ھا، ھا دېگەندەك چۇشىنىپ بولماس بىر نېمىلەرنى دېدى. كەلگەنلەر ئۇنىڭ گاچىلىقىنى بىلىپ، ئىما ـ ئىشارەت بىلەن سوئال سورىماقچى بولۇشتى. ھېلىقى ئىزچى بالىغا چىراي، قول ئىشارىتى ئارقىلىق ھەر قىسىم ھەرىكەت، قىياپەتنى سو-راپ، قەلەم قاش بىلەن ئۇزۇن چاچلىقنى ساقال ـ بۇرۇتلۇقنىڭ تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئاشۇ ساقال ـ بۇرۇت-لۇق كىشىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بالا بىردەم تېڭىرقاپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن «كۆردۈم» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە قول ئىشارىتى قىلىپ، بىرىنىڭ مۇشۇ جايغا كەلگەنلىكىنى، يەنە بىر ساقال ـ بۇرۇتلۇقنىڭ ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن-لىكىنى ئىما قىلدى. كويەن، يۈز بېشىلار بالىنىڭ كېيىنكى ھەرىكەتلىرىدىن بىردىنلا جانلىنىپ، قاتىلنىڭ دېرىكى تېپىل-دىغان بولدى دېگەن قاراشتا يەنە ئۇنىڭغا: ئايالنى ئۆلتۈرگەن كىم؟ ئۆيى نەدە؟ بىزنى باشلاپ بارغىن دېگەنلەرنى ئىشارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ دانە تەڭگە پۇل بەردى. بالا قول ئىشارىسى بىلەن يول تەرەپتىكى بىر ئۆيىنى كۆرسىتىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ ئىرىق بويلاپ ماڭدى. كويەن قاتىلنى قاچۇرۇپ

قويماي تۇتۇشنى جىكىلەپ ئەتراپتىكىلەرگە جىددىي بۇيرۇق بەر-
دى. دورغا ھەر ئېھتىمال ئۈچۈن ئېلىشىلىپ بېلىگە باغلاپ
قويغان ئارغامچىنى يېشىپ تەييارلىنىپ بولدى. ئۇلار يولغا
چىققاندىن كېيىن بالىنى كىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراركىن دەپ
بىتاقەت بولۇپ، ئۇنى تېزرەك مېڭىشقا ئالدىرىتاتتى. كۆتمىگەن-
دە بالا ئۇلارنى ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە، سىڭلىسىغا ھازا ئېچىپ،
مېھمان ئۇزىتىپ تۇرغان ئۆز دادىسى تۇردىئاخۇننىڭ قېشىغا
باشلاپ كىردى. بالا دادىسىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ بايىقى
«ئۇرۇپ ئۆلتۈردى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتلەرنى
قايتا بىر قېتىم تەكرارلىدى. بۇ ھال ئۆيدىكىلەرگىلا ئەمەس،
ھەتتا كويەن، يۈز بېشى قاتارلىقلارغىمۇ غەلىتە، تاساددىپىي
تۇيۇلۇپ، بىردەمگىنە، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى. ئۇلار
سىرتقا چىقىپ خالىيراق بىر جايدا باش قوشۇشقاندىن كېيىن
كويەن، يۈز بېشىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، باياتىن
بالىنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا ئۇلارغا كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي
گاڭگىراپ قالغان، سىڭلىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا جۇدەپ قارىداپ
كەتكەن تۇردىئاخۇننى مېھمانلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا باغلاپ، يامۇل-
غا ئېلىپ مېڭىشتى. ھازا ئېچىلغىنىغا ئۈچ كۈن بولغان بۇ
ئۆيدە توپان بالاسى كۆتۈرۈلگىنىدەك ئۇستىلەپ دەرد ـ ئەلەم
بورىنى گۈركىرىدى. ھەممە كىشى ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك
بولۇپ، بالا ـ قازانىڭ بۇ بەختسىز ئائىلىگە ئۇستىلەپ يوپۇرۇلۇ
كەلگەنلىكىگە تەقدىردىن ئۆكۈنۈشتى، گەرچە كويەن تاجىخاننىڭ
جەسىتىنى دەپنە قىلىۋېتىشكە رۇخسەت قىلىپ كەتكەن بولسى-
مۇ، ئەمدى بۇ ئاخىرەتلىك ئىشنى كىم باش بولۇپ قىلىدۇ؟
كىم ئىگە بولىدۇ؟ تەڭرىنىڭ بىگۇناھ بەندىسىگە مۇشۇنداقمۇ
پۈتمەس جازالىرى بارمىكىنە؟

ئامبال ياموُلىدىن چىققان ھېلىقى كويەن توُردىئاخوُننى ئەكىرىپ كەتكەن كوُننىڭ ئەتىسى ئىككى نەپەر دورغا يايىسىنى ئەگەشتوُروُپ، يوُقىرىقى گوُجاندا يەنە پەيدا بولدى. ئوُ مېڭىپ-شى، يوُز بېشىلارنىڭ ھەمدەملىكىدە توُردىئاخوُننىڭ قوشنىلى-رىدىن ئوُنىڭ تاجىخان بىلەن موُناسىۋىتىنى تەپتىشلەپ، ئوُيمۇ ئوُي كىردى. قوشنىلار «توُردىئاخوُن بىلەن تاجىخاننىڭ موُناسى-ۋىتى ياخشىمىدى؟» دېگەن سوئالغا كېلىشىۋالغاندەك «بوُ قې-رىنداشلار ئەپ ئەمەس ئىدى، كىرىپ - چىقىشمايتتى، توُردىئا-خوُن بىر چاغدا تاجىخاننى ‹سەن جالاپنى كالتەك بىلەن ئوُروُپ ئوُلتوُروُۋەتمەيدىغان بولسام دادامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي› دېگەن» دېگەن جاۋابنى بېرىشتى. «باللار سوُزى ئىشەنچلىك، ئوُلار يالغان ئېيتمايدوُ» دەپ گاچا بالىنىڭ ئىما - ئىشارىتى بىلەن توُردىئاخوُننى قاتىللىقتا گوُمان قىلغان تەپتىشلەر بوُ سوُز-لەرنى ئاڭلاپ، ئوُنىڭ تاجىخاننى ئوُلتوُرگەنلىكىگە چىنپوُتتى ۋە گوُۋاھ، ئىسپاتلارنى ئامبالغا يوللىدى. ئوُنىڭدىن ئەيىبكار جى-نايىتىگە ئىقرار قىلغاندىن كېيىن جاڭجوُڭ ياموُلىغا يوللاپ ھوُكوُمنى كوُتوُش ھەققىدە پەرمان ئالدى. نەچچە كوُندىن بېرى گوُندىخانىدا سوئال - سوراقتا چوُشوُپ سىڭلىسىنى ئوُلتوُرگەن-لىك جىنايىتىنى تەن ئېلىشقا مەجبوُرلانغان توُردىئاخوُن ئېغىر قىيىن - قىستاق ئاستىدىمۇ گوُناھنى ئوُستىگە ئالمىدى. ئوُ سىڭلىسىدىن ئايرىلىپ قالغاننىڭ ئىچ ئاغرىقىنى تارتىپ بولال-ماي قالغاندا قارىغا كېتىپ، ئوُنىڭ قاتىلى بولوُپ قېلىشنى زادى ئويلىمىغانىدى. بېشىغا كەلگەن بوُ تارتقوُلوُقلارنى ئوُزىنىڭ شورلوُق تەقدىرىدىن كوُردى. بوُنداق ناھەقچىلىكلەرگە دوُچار بولغىلى تەڭرى ئالدىدا نېمە گوُناھلارنى ئوُتكوُزگەن بولغىيدىم دەپ ناله قىلاتتى.

— تاجىخاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىنىڭگە گۇۋاھ ـ ئىسپات تولۇق، ئىقرار قىلمىساڭمۇ ھامىنى سېنى جازالايمىز، — دېدى كۈندە ئېلىپ بېرىلىدىغان سوراقلارنىڭ بىرىدە زەڭگىگە ئوخشاي-دىغان گۈندىپاي تايىقىنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

— يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغان ھېزىم بوزەك ئەمەسمەن، ھەر قانچە نائەھلى، جوھۇت بولسامىمۇ، ئۆز ئېتىمە-نى يېگەندەك سىڭلىمنى ئۆلتۈرمەسمەن، «توخۇ ـ توشقاننى ئۆلتۈرگەننى كۆرسەممۇ تىترەيدىغان ئادەم تۇرسام، ئەمدى دەي-دىغان باشقا گېپىم يوق، مانا پۇتۇمدا ئىشكال، قولۇمدا كويزا بار، بىقۇل ئادەممەن، ئۇرامسىلەر، ئۆلتۈرەمسىلەر ئىختىيا-رىڭلار.

تۇردىئاخۇن خېلى كۈنلەرگىچە مۇشۇ سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆزىنى ئاقلىدى. گاھى-دا ھۆكۈمەتنىڭ ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇپ بۇ ئۆلۈم ئىشىنى قايتا تەكشۈرۈپ ھەقىقىي قاتىلنى تېپىشنى، ئۆزىنىڭ گۇناھ-سىزلىقىنى، ئۆمۈر بويى شەرىئەت يولىدىن، دىيانەتتىن تايمى-غانلىقىنى ئېيتىپ، سوراقچىلارغا يالۋۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ يېلىنىش، ئىلتىماسلىرى خۇددى پىچاقنىڭ بىسى تاشقا تەككەن-دەك نەتىجە بىلەن تاماملىناتتى.

ئىككى ئايغىچە سوزۇلغان سوئال ـ سوراقلار، ئادەم قېلى-پىدىن چىققان جازالاش تەدبىرلىرى ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ ئىرادىسىنى بوشاتتى. تىرىك قېلىش ئۈمىدىدە ئاخىر تاجىخانى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى يالغاندىن ئىقرار قىلدى. قىيناپ، قىستاپ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش مۇشۇ زاماننىڭ ئەدلىيىسىدە ئادەتتىكى بىر خىزمەت ئۇسۇلى ئىدى. ئىقرارنامە يۇقىرىغا سۇنۇلۇپ ئىككى ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن جاڭجۇڭ

يامۇلىدىن تۇردىئاخۇنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەققىدە ھۆكۈم چۈشتى. ئۇ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ چاغقىچە تەپتىش سوراقچىلارنىڭ دىتسىز، پاراسەتسىزلىكى، ئادالەتسىز قانۇنىنىڭ زورى بىلەن يەنە قانچىلىك بىگۇناھ پۇقرالار مۇشۇنداق ناھەق قارىلىنىپ، تۈرمىلەرگە سولىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندۇ؟ يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان، سەرگەردان بولغاندۇ ـ ھە؟ شۇ تاپتا ئەلنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدۇق، قاتىلنى تۇتۇپ جازالىدۇق دەپ كېرىلىپ، كېككىرىپ يۈرگەن بەگ ـ غوجاملار ئۆزلىرىنىڭ گاچا بالىنىڭ ئىما ـ ئىشارىتىنى گۇۋاھ ـ ئىسپات بىلىپ، بىر گۇناھسىز پۇقرانى قەتلى قىلغىنىدەك ئەخمىقانە ئىشنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا قىلىپ قويغانلىرى ئۈچۈن مەرھۇمنىڭ روھىدىن .بولسىمۇ كەچۈرۈم سورارمۇ؟ بۇنى بىر نېمە دېمەك تەس.

ئەسلىدە «ئەڭ ئىشەنچلىك» دەپ قارالغان گاچا بالىنىڭ ئاشۇ گۇۋاھلىقى مۇنداق ئىش ئىدى: روزىئاخۇن تاجىخاننى قەتلى قىلغان كۈنى چۈشلۈكتە تۇردىئاخۇن گاچا بالىسى ساقلاۋاتقان قوغۇنلۇققا كەلگەنىدى. قارىسا بالا بىر دانە كىرپىنى قوغلاپ ئويناۋاتقانىكەن. ئادەتتە كىرپە قوغۇن پىشقان مەزگىلدە قوغۇنلارنى تېشىپ، ئۇرۇقىنى يەپ، دېھقانلارغا كۆپ زىيان سالىدىغان بولغاچقا، ئۇنى تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. تۇردىئاخۇنمۇ بالىنىڭ رايىغا باقمايلا كىرپىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ يىراققا تاشلىۋەتكەنىدى. لېكىن بالا دادىسىنىڭ رەھىم قىلماي كىرپىنى ئۆلتۈرگىنىگە ئىچىدە نارازى بولغان. كويەن، يۈز بېشىلار كەلگەندە بالىنىڭ ئىشارە بىلەن چۈشەندۈرگىنى دەل مۇشۇ ئىش ئىدى. بالىغۇ گاچا، ئەمما ھېلىقى «دانا» ھۆكۈمدارلارنى نېمە دېگۈلۈك؟ ئەگەر شۇلارنىڭ ئۆزى تۇردىئاخۇن

ئۇچرىغان ناھەقچىلىككە قالسا نىمىمۇ قىلار؟

※ ※ ※

ئىنساننىڭ ھايات قىسمەتلىرى تولىمۇ غەلىتە، سىرلىق بىر مۇئەمما ئىكەن. بىراۋنىڭ ساددىلىق ۋە بىخەستەلىكى تۇپەيـ لى باش ـ كۆزىگە چەرخ تۇگمىنىدىن تۇزانلار قونسا، يەنە بىرلىرى ئەپسۇن ھىيلىسىنى دەم قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەسكى ـ تۇسكى تەنزىسىنى جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىدەك رەڭگارەڭ تۇستە كۆرسىتەلەيدىكەن. توۋا، تۇردىئاخۇن سىڭلىسىنىڭ خۇن ھەققىگە ئۆزىنىڭ جىنى بىلەن ھىساب بىرىۋاتقان شۇ مەزگىللەر دە تاجىخاننى خۇددى تۇلكە توخۇنى بوغقاندەكلا قىلىپ ئۆلتۈرۈـ ۋەتكەن روزىئاخۇن ئىمامى جەئپىر مازارىدا ساقاللىرىنى قويۇـ ۋېتىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان تەقۋادار سوفى قىياپىتىدە ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىپ يۇرمەكتە ئىدى. ئۇ گېزى كەلگەندە تاۋاپچىلارغا ئۆزى خېرىدارلىق قىلمىغان ئىنساپ، تەۋپىق ۋە دىن توغرىسىدا مۇكاللىم قىلىپ ھەق ـ ئادالەتكە تەھسىن ئوقۇپ يۇرەتتى.

روزىئاخۇن ئىمامى جەئپىر سادىق مازارىدا شۇ تەرىقىدە ئالتە ـ يەتتە ئاينى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تۆت ئىمام زەبىھۇللا مازارىغا كەلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي تاۋاپچىلاردىن تاجىخاننىڭ ئۆلۈمى گاچا بالىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تۇردىئاخۇنغا يۈكلىـ نىپ، ئۇنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭـ لاپ، غەم ـ ۋەھشەتتىن خالاس بولۇپ ئىلچىگە قايتىشقا ھازىرـ لاندى.

روزىئاخۇن ئىلچىدىن چىققانلاردىن قايتا ـ قايتا تىڭلاپ

كۆڭلى ئەمدى تاپقاندىن كېيىن ئاخىر يۇرتقا قايتىپ كەلدى.
ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كوچا - كويلاردا بولۇۋاتقان تاجىخاننىڭ خۇن داۋاسى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەك-لەرنى ئاڭلاپ غەم - ئەندىشىدىن تامام خالىي يۇرۇۋەردى ۋە شامالباغلىق مەلۇمخان ئىسىملىك بىر چوكان بىلەن تونۇشۇش قۇرۇپ بىر مەھەل ئىناق - ئىجىل ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇش-تى. گەرچە ھەق - ئادالەت تولۇق جارى بولمىغان ئاشۇ زاماندا بەگ، تۆرىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، بىپەرۋالىقى بىلەن تا-جىخاننىڭ خۇن ھەققىنى تۇردىئاخۇن ئۆزىنىڭ پاك قېنى، بىگۇ-ناھ جېنى بىلەن تۆلەپ، قاتىل روزىئاخۇن جاۋابكارلىقتىن قۇتۇل-ماي يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ كېچىلىرى تولا جۆيلۈپ، ھەمىشە تاجىخاننىڭ گېپىنى قىلىدىغان، «ئۆلتۈرمىسەم بوپتىكەن»، «ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇناھىمغا تۆۋە قىلدىم» دەپ تەرلەپ، قارا بېسىپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋال كۆپ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن مەلۇمخان روزىئاخۇن جۆيلۈپ ئويغانغان بىر كۈنى ئەندىشە بىلەن سورىدى:
— كېچىلىرى تولا جۆيلۈپ ياتالمايسىز، ئۇنىڭ - بۇنىڭ گېپىنى قىلىسىز، بۇ قانداق ئىش؟ — ئايالىنىڭ سوئالىدىن ئەندىككەن روزىئاخۇن شۇ ھامان يالغاندىن:
كىچىك ۋاقتىمدا ماڭا دىۋە ئاپىرىدىنى سالغانىكەن، ۋاقتى - ۋاقتىدا پىر ئوينىتىپ تۇرسام ياخشى بولۇپ كېتىمەن، بولمىسا كېچىلىكتە دىۋە بوغۇپ جۆيلۈپ ياتالمايمەن، ئەتە - ئۆگۈن پىر ئويناتسام بولغۇدەك، — دېدى. مەلۇخان بۇ گەپ-لەرگە ئىشىنىپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. لېكىن ئۆز قىلمىشىنىڭ جۆيلۈپ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورققان روزى-ئاخۇن ئايالىدىن خاتىرجەم بولالماي ھەتتا بىر مەزگىل باشقا

ئۆيدە يالغۇز يېتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئېرىنىڭ كۆنسېرى خۇدۇكچان بولۇپ قالغانلىقىدىن مەلۇمخانىنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى. «دىۋە نېمىشقا ئاپىتىنى سالغان؟» ، «ۋاي ئۆلتۈرمىسەم بوپتىكەن» دېگەن قانداق گەپ؟ بۇنىڭدا بىر سىر بولۇشى مۇمكىن دەپ بىر ئامال قىلىپ ئېرىدىن مەخپىيەتلىكى-نى ئۇققۇسى كەلدى.

ــ مەن ئىنسانغا تىنماسلىقتا قەسەم قىلىپ بېرەي. بىز بىر ياستۇققا باش قويغان ئەر ـ خوتۇنلار. ھەر قانداق ئىچ گېپىمىز بولسا قىلىشمىساق قانداقمۇ بىر ئۆيدە بىللە تۇرالاي-مىز؟ بىلىشىمچە سىز بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپسىز، دېمىسىڭىزمۇ مەن ئۇقۇپ بولدۇم، ئىنسانچىلىقتا بۇنداق سەۋەنلىك كىمدىن ئۆتمەيدۇ؟ ياخشىسى ماڭا ئىشىنىڭ، سىز مېنىڭ بەختىم، بارلىقىم... مەلۇمخانىنىڭ بۇ قاتتىق ـ يۇمشاق گەپلىرى ئاخىر ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى. روزىئاخۇن ئايالىنىڭ شېرىن سۆزلى-رىگە ئەسىر بولۇپ، تاجىخاننى گېپىگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئاكىسىنى قاتىل دەپ ئاتقانلىقىنى ۋە كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. مەلۇمخان بىر مەھەل بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈر-مەي تىنچ ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن روزىئاخۇننىڭ ئايالىغا ئىشىن-نىپ قىلغان بۇ ئىقرارى ئۆزى ئۈچۈن خۇددى:

بىھۇدە سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشىراق،
بىھۇدە سۆزلەپ ئىدىم تەگدى بېشىمغا مىڭ تاياق.
سۆز مىسالى ۋەھشىيدۇر، ئېغىز مىسالىدۇر قەپەس،
ۋەھشىي گەر چىقسا قەپەستىن كەلمىكى تايىن ئەمەس.

دېگەندەك ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلەندى. ئۆي دېگەندە بەزىدە چىنە ـ قاچىمۇ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، ھەرقانچە ئىناق ئەر ـ خوتۇنمۇ ئارازلىشىپ قالىدىغان ئىش يوق ئەمەس. شۇ ئىشلار بولۇپ ئاز ئۆتمەي روزىخاخۇن بىلەن مەلۇمخاننىڭ ئارىسىدىن مۇشۇك ئۆتتىمۇ ـ نېمە، ئۇلار قاتتىق سوقۇشۇپ قالدى. ئارىشلىغىلى قولۇم ـ قوشنىلار يىغىلىشتى. ئېرىنىڭ تايىقى بىلەن تىل ئاھانىتى قاتتىق ھار كەلگەن مەلۇمخان «بۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولسام مەنمۇ تاجىخاندەك تەقدىرگە قالغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپ، قوشنىلار يىغىلغان جارىستاندىلا «تاجىخاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ» دەپ سىرنى ئېچىۋەتتى. بۇ گەپ ھايال ئۆتمەي يۈز بېشىغا يەتكۈزۈلدى. يۈز بېشى روزىئاخۇننى چاقىرتىپ سورىسا ئۇ:

— بۇ ئايال ماڭا بەدنام سۇۋىدى، — دەپ زىنھار تەن ئالمىدى. ئىمىن ئاخۇن يۈز بېشى بۇ ئەھۋالنى بەگكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن بىر مەھەل گۇجاننى زىلزىلىگە سالغان تاجىخاننى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىگە چېتىشلىق بۇ ئىشنى تەكشۈرمەكچى بولۇشتى ۋە بەگ مەلۇمخاننى چاقىرتىپ روزىئاخۇن چېتىشلىق ئەھۋاللارنى ئۆزى سورىدى. ئېرىنىڭ قەست قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغان مەلۇمخان بىلگەنلىرىنى تولۇق ئېيتىپ بەردى.

بەگ مەلۇمخاندىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئارقىدىنلا روزىئاخۇننى ئالدىغا چاقىرتتى:

— سىز ئوبدان ئادەم، يالغان ئېيتمايسىز، تاجىخاننى تۇردىئاخۇن ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئۆزى ئىقرار قىلىپ بۇ ئىش ساقايدى. ئەمدى بۇ توغرۇلۇق سىزگە جىنايەت ئارتىلمايدۇ. ئەھۋالنىڭ راستىنى ئېيتسىڭىز بۇ گەپ شۇ جايدا قالىدۇ. ئەگەر بىز بۇ تۇگەپ كەتكەن ئىشنى تەگەپ يۇقىرىغا يا ئۇنداق، يا

مۇنداق دېسەك، ئوبدان تەكشۈرمەي بىر جانغا زامىن بولغان دەپ بىزگىمۇ ئېغىر گۇناھ ئارتىلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ ئىشنى قايتا سۈرۈشتۈرمەيمىز دەپ روزىئاخۇنغا ئوبدانلا يەل بەردى. شۇنىڭ بىلەن روزىئاخۇن بەگنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ تاجىخاننى ئۆل-تۈرگەنلىكىگە ئىقرار بولدى.

بەگ روزىئاخۇننى ئۆيىگىزگە بېرىپ خاتىرجەم تىرىكچىلى-كىڭىزنى قىلىڭ، ئايال خەقنىڭ گېپى ئەمەس، شەرىئەتتىمۇ ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ دەپ يولغا سالغاندىن كېيىن، يامۇلغا بېرىپ ھەممە ئىشنى ئامبالغا مەلۇم قىلدى: ئامبالمۇ روزىئاخۇننى چاقىرتتۇرۇپ، مەلۇماتنىڭ راستلىقىنى قايتا ئىدىتلاپ كۆرگەن-دىن كېيىن ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بۇ دەۋا ـ دەستۇر ئىشىدا ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئەل ئاۋام بىلىپ قالسا ئۆزلىرىگىمۇ ياخشى ئاقىۋەت بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، دەرھال روزىئاخۇننى گۇندىخانىغا سولاشقا ئەمر قىلدى: ئۇ-رۇمچىگە يوللاشتا بولسا «تۇردىئاخۇننىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلى-كىنى مەلۇم قىلساق، بىزگە ياخشى تەپتىش قىلمىغان دەپ، ئېغىر گۇناھ يۈكلىنىپ قالىدۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن روزىئا-خۇننى يېڭى بىر تاجىخاننىڭ ئېرى قىلىپ، تاجىخان باشقا بىرى بىلەن زىنا قىلغاندا روزىئاخۇن تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن دېگەن مەلۇماتنى ياساپ جاڭجۇڭ يامۇلىغا سۇندى. شۇنىڭ بىلەن روزى-ئاخۇنغا 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەنلىك ھەققىدە ھۆكۈم چۈشتى: روزىئاخۇن سولاقتا چۈشۈپ ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا خوتەندە تۇغۇلغان يىغلىقى باشلىنىپ ماخوسەن ئەسكەرلىرى تەرى-پىدىن قويۇپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ روزىئاخۇننىڭ قان ـ قەرزى شۇ ئادالەتسىز جەمئىيەتتىكى «قېتىق ئىچكەن قۇتۇلۇپ،

تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى» دېگەندەك بىر ئەھۋالدا ئاخىرلاشتى. بىگۇناھ پۇقرا تۇردىئاخۇن بىلەن تاجىخاننىڭ قېنى بىكارغا ئاققىنى ئاققان، خۇنخور روزىئاخۇننىڭ ھەققۇل ھېسابتىن نېرى يۇرگىنى يۇرگەن بولدى. بۇنداق قانۇن، ئادالەت جارى بولمىغان، پۇقرا قەدىرسىز، ئەمەلدارلار يۇگەنسىز ئەلدە ھەر كىمنىڭ كۆرىدىغان قىسمىتى بۇنىڭدىن باشقا نېمە بولماقچىدى؟

ئاشۇ پاراغەت تەختىدە ھۆكۈمدارلىق قىلىۋېتىپ بىر ئەلنىڭ ھايات ـ ماماتلىق تەقدىرىگە ئىگىمەن، دەۋاتقان بەگ ـ ئامباللار ئۆزلىرى خاتا ھۆكۈم بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرۇقلۇق قىلمىشىنى تەن ئېلىپ بىرەر ـ ئىككى ئېغىز ئۆزرىلىك گەپ قىلماقتا يوق، يەنە يالغان گۇۋاھ ـ ئىسپات ياساپ باشقىلارنى ئالدىسا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

تەقدىرىم بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنى كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت يالدامىسى قىلغايسەن. تۇردىئاخۇننىڭ قىسمىتى قايتا تەكرارلانمىسۇن!!!

# نىياز شۇجىنىڭ پېنسىيە كۈنلىرى

(ھېكايە)

نىياز شۇجى دەم ئېلىشقا چىقىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ھايات مەنزىلىنىڭ ئاشۇ دەملىرىنىمۇ ئىشلەۋاتقان چاغدىكىدەك باياشات، كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك، ھەسەت قىلغۇدەك ئاقسۆ- ڭەكلەرچە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەممىنى تەق قىلىپ قويغانىدى. يىل بويى توكى، سۈيى ئۆكسۈمەيدىغان، يۇرتتىكى باي مەرتىۋى- لىكلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولغان. كىشىلەر «ئۆلمەسلەر كو- چىسى» دېگەن مەسخىرىلىك نام بىلەن ئاتايدىغان كۆجۈم كادىر- لار مەھەللىسىدە شاھ قەسىرىدەك ياسىداق، ئازادە، باغۋارانلىق ئۆي سېلىپ زامانىۋى نۇسخىدا بېزىدى. تېخى دەم ئېلىشقا چىققاندا ئالماقچى بولغان ئالىي پىكاپ ئۈچۈن ئۆي سېلىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىدى.

ئايلار ئۆتۈپ، كۈتمىگەن بىر كۈنى مول داستىخانىنىڭ بىر زىياپەتتە تەشكىلات تارماقلىرى تەرىپىدىن نىياز شۇجىنىڭ شە- رەپ بىلەن ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەنلىكى ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان ئۆچمەس تۆھپە - ئەمگەكلىرى بەدد- لىگە ئالقىشلار ياغدۇرۇلۇپ، مەيدىسىگە گۈل قادالغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ۋاپالىق ئائىلىگە - قۇشناچىمىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. شۇ ئىش بولۇپ نەچچە ئون كۈندىن كېيىن نىياز

شۇجى، ئىداردىن قارىسى يۇتە ـ يۇتمەي مۇئامىلىلىرىنى ئۆز-گەرتكەن ئاشۇ يۈزسىز خىزمەتداشلىرىنى «كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ باللار، تۇغقانلارنىڭ ھە ـ ھۇسى بىلەن ھويلا بېغىدىكى تاللار باراڭلاشقان، ئۆرۈكلەر چېچەك تاشلاپ، ئالمىلار غۇنچە-لىغان، ھاۋالىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالدى.

دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ تالا ـ تۈزگە چىققانلىرىدا خۇددى ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدىكىدەك پۇزۇر كىيىنىپ، سۇر ـ ھەيۋە بىلەن كوچىدا ئارغىماقتەك بېشىنى تىك تۇتۇپ، گۇس ـ گۇس دەسسەپ مېڭىپ كېلىپ يۈردى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇ قىلغىنى ئۆزىگە روھىي تەسەللى ۋە غەمكىنلىكىنى خەققە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. لېكىن ئۇ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بىكارچىلىقتىن زېرىكىشكە باشلىدى. تالا ـ تۈزگە چىقىپ ئۇنىڭ، بۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەچ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدى. تولىراق ئۆيدىن بىر چاقىرىمچە كېلىدىغان گۈزەردىكى ئاۋات بازارغا بېرىپ، يېنىشىدا ئۆيگە سەي ـ كۆكتات، گۆش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىدىغان بولدى. ئۇ يولدا ماڭغانلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە چوڭقۇر ئېگىلىپ سالام قىلىشىنى، ھۆرمەت نەزەرى بى-لەن قاراپ يول بوشىتىپ بېرىشىنى . . . ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ناگاندا بىرەر يېقىن تونۇش ئۇچراپ قالمىسا، باشقىلار، ھەتتا بىر مەھەللىلىك، كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئاددىي ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا نەزەرنى سېلىپمۇ قويمايتتى. كىشى-لەرنىڭ بۇنچە پەرۋاسىزلىقى نىياز شۇجىغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بازارغا چىققانلىرىدا يولنىڭ ياقىسى بىلەن يەردىن ئۇستۇن قارىماي ماڭىدىغان بولۇۋالدى.

شۇ كۈنلەردە نىياز شۇجىنى بىر يېقىنى ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىققانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ساھىب-

خان بۇ ئۇزۇن يىللىق قەدىناسى ئۇچۇن سازچى، ناخشىچىلارنىڭمۇ تەكلىپ قىلغانىدى.

نىياز شوجى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپلا ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ـ تەكلىپلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك قىزغىن بولمايۋاتقانلىقىنى تېزلا ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تەكەببۇر، چوڭچى مىجەزى بۇخىل ھالەتنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايتتى.

سورۇندا ھال ـ ئەھۋال سوراش، جەمئىيەت يېڭىلىقلىرى ھەققىدىكى پاراڭلار تۈگەپ، نەغمە ناۋاغا خېرىدارلىق باشلاندى. ناخشىچى خېنىمنىڭ ئاۋازنى ئاخىرلىشىپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىنىڭ ھەزىلكەش قىزىقچىسى يارمۇھەممەت تەكلىپ بويىچە دوتارنى سازلاپ بىر قەدىمىي ناخشىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

جاھانغا پاتمىغان سەركە،
قازانغا قانداق پاتقانسەن؟
قازانغا پاتساڭمۇ پاتقانسەن.
تۇۋاقنى قانداق ياپقانسەن؟
.................

ناخشىنىڭ قىزىقلىقىدىن مېھمانلار، ھەتتا نىياز شوجىنىڭ ئايالى رابىخانمۇ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە تېلىقىپ كۈلۈشتى. پەقەت شوجىلا بوراندا قالغان مايسىدەك تۈگۈلۈپ، تاماققىمۇ باقماي ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ باشقىلارغا شۇنچىۋالا زوق ئاتا قىلغان بۇ ناخشىنى «مېنىڭ پېنسىگە چىققانلىقىمغا قارىتىپ مازاق قىلىش مەقسىتىدە ئوقۇلغان» دەپ چۈشەندى ھەم بۇ ھالدىن بەكلا ئەپسۇسلاندى. ئۇ ناخشا ئاياغلاشمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىم

ئاسقۇدىن پەلتۇسىنى ئالدى ــ دە، مېھمانلار بىلەن خوشلاشماي، ئۆي ئىگىسىنىڭ شۇنچە يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن سىرتقا ماڭدى. ئېرىنىڭ قىلىقلىرىدىن تەئەججۇبتە قالغان ئايالىمۇ كەينىدىن بۇزۇلغان ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

نىياز شۇجىنىڭ ھېلىقى ناخشىدىن بۇنچىۋالا تەرانە بولۇپ، ئىچىگە ئېلىپ كېتىشىدە مۇنداق سەۋەب بار ئىدى. ئۇ يېنىسىدىگە چىقىپ ھەپتە ئۆتمەي ئىلگىرى قول ئاستىدا ئىشلەپ ئۇنىڭدىن رازى بولمىغان، تەنقىد ئاڭلىغان بىر نەچچە تەنتەك ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەلەپ تەقدىم» پروگراممىسىدا «نىياز شۇجىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكى شېئىرنى تەقدىم قىلىمىز. . . .» دەپ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى:

ئۆز ۋاقتىدا بەگ ــ غوجاملار تولغان ساراي،
غۇربەت بېسىپ قۇرۇق سۆلەت دالان بولدى.
بىر چاغلاردا بەزمە ــ مەشرەپ قاينىغان جاي،
گۈللەر توزۇپ دەل ــ دەرەخلەر خازان بولدى.
. . . . . . . . . . . . . . . . .
تاجىسىنى كىچىك كۆرۈپ كىيمىگەنلەر
كىيىپ قۇرۇق ياتقان يېرى زىندان بولدى. . .

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ دىلىغا قاتتىق ئازار بەرگەنىدى. ئۇ شۇ ئىشتىن كېيىن خېلىغىچە ئىچ پۇشۇقى تارتىپ خامۇشلۇقتا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى.

※ ※ ※

— توۋا، كەتكەن مېھماننىڭ چېيى سوۋۇپتۇ «دې-
گەن مۇشۇكەن - دە؟ سالامىمۇ قىلمىغىنىنى دەيۇزلەرنىڭ. بۇ
يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئىككى ئايدىن بېرى يا تونۇشلاردىن، يا
قوشنىلاردىن بىرەرى: «قانداق ئەھۋاللىرى؟ تىنچ تۇردىلىمۇ»
دەپ سوراپمۇ قويۇشمىدى. گويا مەن بىرەرىگە يۇقۇپ قالىدى-
غانىدەك، ئارقىا ھويلىسىغا سىۇ قىۇيىۇپ بەرگەندەك. نېمە
خورلۇق، نېمە كۆرگۈلۈك بۇ بىزگە؟ بۇ مەھەللىدە ئۇلار بىلەن
مەڭگۈ كىرىپ - چىقىشماي، سالام - سائەت قىلىشماي ئۆتەر-
مىزمۇ؟ بايا ھېلىقى ھېلىم قاسساپ دېگەن ساختىپەزگە «گۆش-
نىڭ لوقراق يېرىدىن بېرىڭ» دېسەم، ئۇ .يۇزۇمدىن - يۇزۇمگە
«سىلى سۆڭىكى يوق قوينى كۆرگەنمۇ؟» دېمەسمۇ، ئاچچىقىمدا
گۆشنى ئالمايلا قايتتىم، يان قوشنا ئايالنىڭمۇ ئۆزىنى سىزلەپ
بىھۆرمەتلىك قىلىنشلىرىدىن رەنجىگەن نىياز شۇجى دەرۋازىدىن
كىرىۋېتىپ.

— قويىسىلا خاپا بولغۇچىلىكى يوق ئۇ پەسلەرنىڭ،
خاندەك ئۆتكەن كۇنىمىزگە چىدىمايدۇ شۇ. نېمىشقا ئۆزىمىزنى
ئۇلارغا تەڭ قىلغۇدەكمىز؟ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان چاغ
كېلىدۇ، تېخى. ئالدىمغا كىرىپ چۇكۇلدىمىغىنىنى بىر كۆ -
رەي، — دېدى شۇجىنىڭ سىرتقا چىقىش ئۇچۇن جابدۇنۇپ
ئىچكىرى ئۆيدىن ئەمدىلا چىققان ئاق سېمىز، ئۆردەكتەك ئىك-
كى يانغا ئېغىناپ ماڭىدىغان ئايالى رابىخان چىرايىنى پۇرۇشتۇ-
رۇپ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ ئانا، دادامۇ پېنسىيىگە چىققۇ-
چە ئاشۇلارغا بىرەر قېتىم سالام - سائەت قىپتۇمۇ؟ پىيادە

ماڭسىمۇ ئۇلارغا نەزەرىنى سېلىپ قويماي ئۆتۈپ كەتكەن گەپ. دادامۇ ئەسلىدە بىر نامرات دېھقاننىڭ بالىسىغۇ. كەمسىتىلىشىنىڭ، بوزەك ئېتىلىشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان تۇرۇپ، ئۇلارنى پەس كۆرمەسلىكى كېرەك ئىدى، — دېدى هويلىدىكى گۈلىستاننىڭ يېنىدا «YAMAHA» ماركىلىق موتسىكلېتنى تازىلاۋاتقان ئوغلى مۇرات ئانىسىنىڭ گەپلىرىگە نارازى بولۇپ.

هويلىدىكى گىلەم سېلىنغان سۇپىدا كۆڭلى غەش هالدا ئولتۇرغان نىياز شۇجىغا ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلىرى ياقمىغان بولسىمۇ لېكىن «نېمىشقا ياتقا يان باسىسەن؟» دەپ ئېغىز يېرىپ بىر نەرسە دېمىدى.

مۇرات يولىغا ماڭماي چىرايى تاتىرىپ، بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىپ تۇرغان ئانىسىنى ئاتايىن ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئوي بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلار ناۋاي، باققال بولسىمۇ يەنىلا ئادەم. خاپا بولىدىغان كۆڭلى بار. قولۇم - قوشنىدارچىلىق دېگەندە، دەرىجە بولمايدۇ. بايمۇ، كەمبەغەلمۇ، ئەمەلدار پۇقرامۇ ئوخشاش. «تېرىغانغا چۈشلۇق ئالىسەن» دېگەندەك، بىزمۇ ئۇلارنى ئىززەتلىسەك ئاندىن ئۇلاردىن هۆرمەت كۈتسەك بولىدۇ.

— ۋاي ئېزىز جىگەر پارەم. بۇگۈن ئەجەپ ئۇلارنىڭ يېنىنى ئېلىپ كەتتىڭىزغۇ، — دېدى ئەمدىلا ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئانىسى مۇراتقا گۇلىيىپ تەنە بىلەن.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي، مالامەت تارتىپ ئاشۇ چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇتساق، ئۇ يەردە ئۆگىنىپ كەلگەن گەپدانلىقىڭىزنى بىزگە ئىشلەتمەي، بۇياقتىن دەم ئېلىشقا چىقىپ بولغۇچە ئۇياقتىن چاندۇرۇۋاتقان ئاشۇ جوندەكلەرگە ئىشلىتىپ باقسىڭىز بولارمىكىن ياكى دوقمۇشتىكى مەخ-

تۇم سەيپۇڭنىڭ گۇلنار دېگەن قونچىقى بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ قويدىمۇ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، ئانا، — دېگىنىچە مۇرات ئورنىدىن ئالدىراش تۇرۇپ قولىدىكى ماي يۇقى لاتىنى يەرگە زەرب بىلەن تاشلىدى، — ئەقەللىي بىر ئادىمىگەرچىلىك تۇغ-رىسىدا بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلىدىم شۇ. بۇنى دادامنىڭمۇ چۈشەنگۈچىلىكى بار. «ئەمەل دېگەن كۆن چىققاندا دەرەخنىڭ يەرگە چۈشكەن سايىسىدەكلا گەپكەن. ھامان مۇشۇنداق دەم ئېلىشقا چىقماي بولمايدىكەن. شۇڭا باشتىلا بۇنداق بولارنى ئويلىغۇلۇق ئىدى. ياخشىسى ئۇلارنىڭ مۇئامىلىلىرىدىن رەن-جىپ يۈرمەيلى.

— بولدى، بۇ گەپنى قويۇڭلا، تالاشماڭلا، ئۇلار مېنى كۆزگە ئىلمىدى. مېنى رەنجىتتى. سىلەرگە دەز كەتمىسۇن، — نىياز شۇجى شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى پارتكوم يىغىنىدا تەنقىدلەنگەندەك، ئەمىلى بىر دەرىجە چۈشۈرۈلگەندەك خاپا ئىدى. ئەمەلدە چېغىدا كۆرگەن پاراغەتلىرى، تاپقان شۆھ-رەت - ئىناۋەتلىرى، توپلىغان دەپى - دۇنيالىرى گويا ئەرزى-مەس بىر نەرسىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ دالان ئۆينىڭ تاملىرىغا بويلىنىپ قويۇلغان خورما رەڭلىك خۇرۇم سافاغا يانپاشلاپ، تورۇسقا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى...

... كوپىراتسىيە ۋاقتىدا، تاڭ يورۇماستا بىر ئېشەك بىلەن بىر قوزىلىق قوينى توقايغا ھەيدەپ چىقىپ ئوتلىتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدىراش بىلىگە خام زاغرىنى تۇگۇپلا مەك-تەپكە يۈگۈرىدىغان ئاشۇ سەبى چاغلار... ئوقۇش پۈتتۈرۈپ

كېلىپ، مەكتەپتە ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا كېچە ـ كۈندۈز ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەي ئۆتكەن مەنىسىز كۈنلەر، كېيىن ئەمەلگە ئولتۇرۇپ جان پىدالىق بىلەن ئەلگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ھالدا ئېتىزلاردا، سۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا جاپا-لىق ئۆتكۈزگەن دەقىقىلەر. ئەمەلىي ئۆسكەنسېرى پاراغەتكە بېرىلىپ ئۆز ماھىيىتىدىن، خەلقىدىن، ياخشى خۇلق ـ ئادەتلى-رىدىن ياتلىشىپ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن. تېخىمۇ يۇقىرىغا يامىشىش ئۈچۈن تۆۋەننى بېسىپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىشتا ۋاستە تاللىماي قىلغان ـ ئەتكەنلىرى. . . بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ خورسى-ناتتى.

«مەندىن ئۆتۈپ كەتكەن يەرلەرمۇ بار» دېدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ئاللىقاچان خىرەلىشىپ ئاق ـ قارىنى ئىلغىماس بولۇپ قالغان ۋىجدان ئەيىبلىشىدىن سەگەكلىشىپ، «ئادەمنىڭ بىلى-شىدىن بىلمەسلىكى كۆپكەن. كىشى سەمىرىپ قورساق سالغاندا پەسنى كۆرەلمىگەندەك، ئەمەلى ئۆسكەنسېرى ئۆزىنىڭ كىملى-كىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. گويا مەڭگۈ ئاشۇ ئەمەل بىلەن ئۆتى-دىغاندەك. ياش، قىران ھالەتتە تۇرىۋېرىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىش تۇتىدىكەن. ئاخىر ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى ئويى-لاپمۇ قويمايدىكەن. ئەمما رېئاللىق بۇ ئاقىۋەتنى كىشىگە ھامان تونۇتماي قويمايدىكەن. مانا، قېرىدىم. ئەمەلمۇ ئۇركىگەن قۇش-تەك يوقالدى. بىلىقچىنىڭ ئىنساپسىز خوتۇنى ئاخىر سۇنۇق تەڭلىسى بىلەنلا قالغاندەك، ئۆيگە ئەسىر بولدۇم. تېخى پۇقرا قولۇم ـ قوشنىلارمۇ قېتىغا ئالمايۋاتىدۇ. . .

نىياز شۇجىنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىنى ئويلىشى، ھايات مۇساپى-سىدىكى ياخشى ـ يامانىنى دەڭسەپ بېقىشى تېخى تۇنجى قېتىم

ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورۇق چۇشۇشكە باشلىغان بۇغداي ئۆڭ چىرايى سولغۇن، مۇڭلۇق ئىدى. يامان ئىشىرىدىن ئۆكۈنۈۋاتـقان، پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىدارە باشلىقى ۋە هاكىملىق تاجىلىرىنى كىيگەن، يولۋاستەك سۇر ـ هەيۋە بىلەن ئۆتكۈزگەن كىبىر ـ تەمەننالىق چاغلار، ئالدىدا دائىم خوش دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان تۇتى تىللىق، كۈلكە چىراي خىزمەتـچىلەر، كۈندە زىياپەت، ئولتۇرۇشلارغا چىللاپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۇلپەتلىرى، نازلىق ئەركىلەپ، هەر مىنۇت سۇنئىي تەبەسسۇم تارتۇقلاپ بويىنىغا گىرە سېلىشقا تەييار تۇرىدىغان يېقىملىق چوكانلار، كۈنۈ تۈن ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان هەقسىز سوۋغا ـ ئىلتىپاتلار تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭغا تالىق ئىدى. .ئۇ پېنسىيەگە چىقار ـ چىقمايلا ئەهۋالنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە، هەتتا «سىلىگە جان تەسەددۇق» دەپ كەينىدىن چاپانىنىڭ تۈگمىسىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپ خىزمەتـتىنى قىلىدىغان، خۇشامەت قىلىشقا پۇرسەت تاپالماي قالىدىغان كىشىلەرنىڭ شۇنچە ۋاپاسىزلىقىغا، بىرەر قېتىممۇ «هالىڭ نىچۇك؟» دەپ كېلىپ قويمىغىنىغا تولىمۇ هەيران بولاتتى. كىچىك بالا سېغىز كەمپۈتكە كۆنۈپ قالغاندەك، هوقۇقنىڭ شېرىن نېمەتلىرىگە ئىجىل بولۇپ قالغان بىر ئادەم ئۈچۈن بۇ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان چوڭ بەدەل ۋە يوقىتىش ئىدى.

شۇ ئەسنادا هەقنى سۆزلەيمەن دەپ ئانىسىنى رەنجىتىپ يولغا سالغان ئوغۇل دىلى سۇنۇق دادىسىغا تەسەللى بېرىشكە كىرمىگەن بولسا، نىياز شۇجىنىڭ خىيال قۇشى خېلىغىچە پەرۋاز قىلىۋەرگەن بولاتتى. ئۇ بىر چەينەك چاي دەملىدى ـ دە، بىر پىيالە چاينى دادىسىغا سۇنغاچ دېدى:

ــــ كىشىلەرنىڭ يەنە كېلىپ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن شۇ

ئادەملەرنىڭ مۇئامىلىسىنى ئۇنچىۋالا كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، دادا، بۇگۇنكى كۇندە ئاۋام خەق ئەمەلدارلارغا ئاشۇنداق ئىشەنمەسلىك نەزەرىدە قارايدىغان بولۇۋالدى. بۇمۇ ئوڭشىلار.

— ئۇنداقمۇ ئەمەسكەن، — دېدى نىياز شۇجى ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — نەچچە كۆردۈم، ئاشۇ يولدىن ئابدۇخېلىل ئاۋۇت. تۇرا ماخمۇتلار ئۆتۈپ قالسا بىزگە سوغۇق ئېيتقان بايىقى كىشىلەر ئۇلارغا ئىسسىقچىلىق قىلىشىپ، يىراقتىن كېلىپ نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈشىدىكەن. دۇكانلىرىغا ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىدىكەن تېخى.

— شۇنداق مەنمۇ كۆردۈم. بەزى پۇقرالار، تېخى خېلى بۇرۇن قازا قىلىپ كەتكەن رەھبەرلەرنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىپ دائىم خالىس دۇئا قىلىدىكەن. مېنىڭچە ئۇلار باشتىلا ئىشنىڭ يولىنى بىلگەن. كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ خەلق بىلەن ئارىنى ياخشى ساقلىغان. ئۆزىنى چوڭ تۇتمىغان. چۈنكى ئەمەل تاجىنى، تاپقان پۇل - بىساتىنى ئۆلگەندە خادىغا چىگىپ قويغىلى بولمايدۇ - دە. شۇڭا ھەر ۋاقىت ئاۋامنى ئۇنتۇماسلىق لازىم - دە، — دېدى مۇرات نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دادىسىغا ھېلى دەي، ئەتە دەي دەپ تۇرغان كۆڭۈل سۆزلىرىنى بىراقلا تۆكۈپ، — سىزغۇ ئۇنچىۋالا ئەمەس، ئەمەلگە بەك ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كەتمەيسىز، — ئۇ دادىسىنىڭ پىيالىسىدىكى چاينى ئىلقلاپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەزىلەر بار، كوجاڭلىقتەك بىر ئورۇن بوشىسا نەچچە ئونى شۇ ئەمەلنى ئېلىشنىڭ ئىشتىياقىدا چاچ تاراپ، بارمىغان يەر، ياماشمىغان دۆڭ قالمايدۇ. تېخى ئۇلار ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن شۇنداق مۇلايىم، كىشىلەر بىلەن ئىناق، ئىجىل، ئەمما گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا چۇشلۇق ئەمەلگە ئېرىشتى-

مۇ بولدى. دوقۇرۇشۇپ قالساڭ نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك ساڭا ئېگىلەي دېمەيدۇ. چىرايى توڭ غورا يېگەندەك ئېچىلمىغان، بەزىدە تېخى ئۆزىنىڭ ئەمىلىنى كۆز - كۆز قىلىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ھۆكۈمىنى يۇرگۈزۈپ باقماقچى بولۇشىدۇ. ماڭا خۇشامەت قىلىسىكەن، ھەممە ئىش مېنىڭ نەزەرىمدىن ئۆتسىكەن دېگەن نىيەتتە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە ئۇتۇقلۇق خىزمەت قىلىپ ئەمەس، ۋاقتىدا مېھمان قىلىپ، سوۋغات بېرىپ، ئاقنى قارا دېسە، شۇنداق دەپلا بەرسەڭ سەن ياخشى. بولمىسا يېگەن - ئىچكىنىڭ زەھەر.

— بۇ گەپلەرنى ماڭا قارىتىپ ئېيتىۋاتامسەن؟ ساڭا ئېيتاي، داداڭ ھەرقانچە تاپتىن چىققان بولسىمۇ سەن دېگەن بۇ دەرىجىگە يەتمىدىم. قىلغان - ئەتكەنلىرىم ئۆزۈمگە ئايان. كىشىلەرگە يۇز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويغىنىم راست. ئەمما بۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇنداق چاغدا تەتۇر ھېساب ئېلىش زۆرۇرمۇ؟

— سۆزۈمنى خاتا چۇشىنىپ قالماڭ، دادا، مەن سىزگە قارىتىپ ئەمەس، جەمئىيەتنىمىزدە، كادىرلار قاتلىمىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئومۇمىي ئىللەتكە قارىتىپ دېدىم. يەنە كېلىپ مۇشۇنداق دېيىشىنىڭ ئورنى كېلىپ قالدى. «بىزنى ھۆرمەت قىلمىدى» دەپ خاپا بولغان، نادان كۆرگەن ئاشۇ پۇقرادا نېمە گۇناھ. ئېيىقتا ئىككى - ئۇچ مىڭ كوي مائاش ئېلىپ تۇرۇپ كېمىمىز پۇتمەيدۇ. ئەمما ئاشۇ دېھقان، ھۆپىگەرلەر بىر لوقما ناننىمۇ تەر تۆكمەي، رىيازەت تارتماي يېيەلمەيدۇ. پۇتۇن ئۆمرى بۇگۇننى ئەتىگە ئۇلاشنىڭ غېمى بىلەن ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن رەنجىمەيلى دېمەكچىمەن. . .

نىياز شۇجى ئوغلىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرلىششىنى كۇتمەيلا

قوپۇشقا تەمشەلدى. ئۇ سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ ئېغىرلاش-
قان بەدىنىنى تەستە ئۆرە قىلدى - دە، سىقىراپ ئاغرىۋاتقان
بېلىنى تۇتقىنىچە سىرتقا ماڭدى. شۇ تاپتا ئوغلىغا ئۇنىڭ بۇ-
رۇنقى بەردەملىكى يوقاپ، رۇستەمدەك قامەتى يادەك ئېگىلىپ،
تېزلا قېرىپ كەتكەندەك، چىرايىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ قال-
غاندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ ھالدىن مۇراتنىڭ روھى چۈشۈپ،
كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئانىسى كەلگۈچە ئۆيدىن
نېرى بولماسلىقنى ئويلىدى. چۈنكى، دادىسىنىڭ ھازىرقى رو-
ھىي ھالىتى نورمالسىز بولۇپ، پسخىك ئۆزگىرىش ھالىتىدە
تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ھويلىدا چىرايلىق ياشارغان كۆچەتلەرگە،
تال جازىلىرىدا بۇقۇلداپ سايرىشىپ ئوينىشىۋاتقان كەپتەرلەر-
گە، تەشتەكتىكى گۈللەرگە قارىغان بولۇپ نېمىلەرنىدۇر ئويلا-
ۋاتقان نىياز شۇجى ئۇنى چاقىرىپ قالدى.
— مۇرات، بۇياققا چىقىڭ، ئوغلۇم، ياخشىسى قولۇم -
قوشنىلار بىزنى ئارىغا ئالمىغاندىكىن ئىدارىدىكى ئۆيگە كۆچۈپ
كەتسەكمىكىن دەيمەن.
نىياز شۇجى ئادەتتە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ
ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان بۇ ئېغىر
بېسىق، راستچىل ئوغلىدىن ئائىلە ئىشلىرىدا مەسلىھەت ئېلىپ
تۇراتتى.
— كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىدىغان ئىشلار ھەممىشە بولىۋەر-
مەس دادا «ئۆيگە كىرگۈچە مېھمان ئۆيلىدۇ، كىرگەندىن كې-
يىن ئۆي ئىگىسى. . . » دەپتىكەن. بىز ئۇلارغا دۇرۇس مۇئا-
مىلە قىلساق كېيىن چۈشىنىپ قالىدۇ. جاھاندا ياخشى ئادەملەر
يەنىلا كۆپ. بىز ئۇرۇق - جەمەتىمىز كۆپ خەق. گۇگۇت
قېپىدەك كىچىك ئۆيلەرگە پېتىشماي قايتا كۆچۈپ كېلىمىز

دېسەك خەق گەپ ئېتەر. . — ئۇ دادىسىغا كۆپرەك نەسىھەت قىلىپ چۇشەندۇرمەكچى، تەسەللى بەرمەكچى ئىدى، توساتتىن تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ تىرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، كىمسىز؟

— ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدىن ئەركىن بولىمەن. نىياز شوجى بارمۇ؟

— نېمە ئىشتى؟ گەپ بولسا دەڭ. مەن ئۇنىڭ ئوغلى.

— ئاتىڭىزنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن ياسىن شوجى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئىدارىگە كۆچۈپ كەلمەكچى. يېڭى ئائىلىلىك بىنا پۈتكۈچە ئۆيىنى بىكارلاپ بېرىشىڭلارنى رەھبەرلىك ئۇقتۇر-دى. ئالدىمىزدىكى بىر ھەپتە ئىچىدە. . .

مۇرات تېلېفوننىڭ مەزمۇنىنى نىياز شوجىغا سىلىقچە ئۇقتۇرۇپ، ئۇنى بىر نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇردى. شوجىنىڭ سولغۇن چىرايى تېخىمۇ ئۆڭۈپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك تەلەپپۇزدا دېدى:

— مەيلى، «ياتىنىڭ مېھمانخانىسىدىن ئۆزۈڭنىڭ سامانخانىسى ياخشى» دەپتىكەن. ئۇلار ئۆيىنى تارتىۋالماقچى بولسا نېمە ئامال؟ بۇ جاھان بەك ۋاپاسىز ئىكەن. قېنى ئولتۇرۇپ تۇراي-لى، يەنە نېمە ئىشلار بولاركىن؟

ئۇ شۇلارنى دەپلا ئالدىراش دالان ئۆيگە كىرىپ تىنچلاندۇ-رۇش دورىسىدىن يەنە بىرنى ئىچتى - دە، خاس ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتى.

قارىغاندا ئىدارىدىن كەلگەن تېلېفون ئۇنى قاتتىق رەنجىت-كەندى. دادىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئوغلىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىتتى.

گۇناھسىز ئادەمنى شۇ ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغان خۇشامەتچى، سۇخەنچىلەرگە ئىچىدە مىڭ بىر لەنەت، نەپرەت ئوقۇدى. ئۇ ئەسلىدە بىر ياخشى ئادەم، ياخشى كادىر ئىدى. ھەق ـ ناھەق-نى، ھالال ـ ھارامنى پەرقلەندۈرەلەيتتى. كىشىلەرگە كۆيۈم-چان، مېھرىبان ئىدى. ئەمەل ـ مەنسەپ، خوشامەت، سۇخەن-چىلىك ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتى. كىبىرلىك تاماخور، راھەتپەرەس قىلىپ قويدى. ھايات مەقسىتىدىمۇ. كىشىلىك تەپەككۇرىمۇ بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى. ئالىي پىكاپلاردا مېڭىش، مۇنبەرلەردە دەبدەبىلىك نۇتۇقلارنى ئېلان قىلىش، سوۋغا- سالام، خۇشامەت ـ تەكەللۇپلارنى قوبۇل قىلىش ھاياتىنىڭ مەقسىتى دەپ قارىدى. قېرىنداشلىرى، يۇرتلۇقلىرى بىلەن نامراتلىقتا قالغانلار، بوزەك ئېتىلىۋاتقانلار بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. ھەممە ئىشتا ئاشۇ ئەمەل تۇمارىمدىن ئايرىلىپ قالمىسام، شاھانە تەختتە مەڭگۈ ئولتۇرسامكەن دەپ ئويلىدى. گاھىدا ئۇنىڭ تو-نۇش ـ بىلىشلىرىگە، تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارغا قىلغان چوڭ-چىلىق، قوپال مۇئامىلىلىرىنى كۆرۈپ نومۇس قىلىپ كېتەت-تىم. ھازىر بولسا ئۇنىڭ ھالى مۇشۇ. ئىلگىرىكى سۇر ـ ھەيۋە، يوغانچىلىقتىن ئەسەرمۇ يوق، تولىمۇ بىچارە. تېخى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئارىغا ئالمىغانلىقىدىن بەكلا خاپا. ئەل-ۋەتتە بۇنىڭغا دادامنىڭ ئۆزىلا ئەيىبلىك ئەمەس. ئاشۇ ئەت-راپىدا پەرۋاندەك ئايلىنىپ، ئۇنى دۆڭ ـ چوقۇرغا باشلىغان، ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ ئۆزىنى بىلمەس ھالغا كەلتۈ-رۈپ قويغان سۇخەنچى ـ خۇشامەتچىلەرمۇ ئەيىبلىك. سەنلەرگە لەنەت! ئارىمىزدىكى شەيتانلار. . . ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەنلەر توغرىسىدا قالدۇرغان مۇنۇ قوشىقى راستتىنلا توغرىكەن. ئۇنى ھەر دائىم يادلاپ تۇرغۇلۇقكەن.

سۆخەنچىنى يوقاتقىن خۇدا،
ئۆلتۈرمەستىن ئايلاندۇر تاشقا.
بىزدىن بۇرۇن ئالدىڭغا بارسا،
بالا بولۇر بىزنىڭ بۇ باشقا.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

# قۇلۇپ پۇلى

بالام ساباھەت ئىشىكتىن خاپا چىراي كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۆشنىسىدىكى تەللىسى (سومكىسى) نى ياندىكى سۇپىغا زەرب بىلەن تاشلىۋېتىپ، سافادا ــ يېنىمدىلا ماڭا كەينىنى قىلىپ ئولتۇردى. بۇ ئۇنىڭ كىمدىندۇر قېيىدىغىنى ئىدى. ئېگىلىپ چىرايىغا سەپسالدىم. ساباھەتخاننىڭ ئېغىزىنى ئۇمچەيتىپ چىد-رايلىق قاپاقلىرىنىــى تۈرۈۋالــغىنى ماڭا ياكــى ئانــىســىغا بىــرەر گەپ ـ سۆزنىڭ بارلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىدە سەي ئاقۋالاتقان ئانىسى ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ ۋۇي، جىن تەپتىمۇ سىزنى، ئەتىگەن مەكتەپكە ئۇز كېتىپتىڭىز، ئەمدى نېمە ئىش؟ بالىلار بىلەن سوقۇشۇپ قالدىڭىزمۇ ـ يە؟

ساباھەتخان ئانىسىغا راسا بىر ئالىيىپ قويۇپ، يەرگە قاراپ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ھامان بەزلەيدىغانلىقىمنى، ھەرقانداق تەلەپلىرىنى قاندۇرىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تېخىمۇ دومسىيىپ قېيىدىۋالدى.

ــ ھە ئوماق قىزىم، نېمە گېپىڭىز بار، ئېيتىڭ، مەن تەل قىلاي، ــ دېدىم ئۇنى باغرىمغا ئېلىپ.

— مۇئەللىم، مېنى باللار ئارىسىدا پۇل ئەكەلمەپسەن دەپ ئەيىبلىدى. خىجىللىقتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم شۇ.

— نېمە پۇلكەن ئۇ؟ سىزدىن جەرىمانە ئالدىمۇ يە، مۇئەل-لىم؟

— ياق، سىنىپىنىڭ قۇلۇپى بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەن، ھەم-مەيلەن بىر كويدىن پۇل ئەكىلىڭلار دېگەن، تۈنۈگۈن كەچتە ئانامغا دېسەم پۇل يوق دېگەنتى.

— بىر قۇلۇپ ئۈچۈن نېمانداق جىق پۇل يىغىدىكەن ئۇ مۇئەللىم، يا سىلىنىڭ سىنىپىنىڭ دېرىزە، ھاۋادانلىرىغىمۇ قۇلۇپ سالامدۇ؟ — دېدىم ئۇنى قەستەن تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن.

— ئاران بىر كويغۇ؟ چىدىماسلار، — دېدى قىزىم بوي-نىنى شىلتىپ، ماڭا ھومىيىپ، ئەمما ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئۇمچىيىشلىرى، بۇتناشلىرى تولىمۇ ئۇماق ئىدى.

— ھېسابلاپ باق، — دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، — بىر قۇلۇپ دېگەننى ماگىزىندىن بەش - ئالتە كويغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مۇئەللىمىڭلار سىنىپىڭلاردىكى 50 چە باللىدىن بىر كويدىن يىغسا، ئېيتقىنا، قانچە پۇل بولىدۇ؟

— . . .

قىزىم ئۇندىمەي تۇرۇۋۇالغاندىن كېيىن يەنە سورىدىم:

— 50 كوي بولىدۇ، قۇلۇپتىن ئاشقىنىنى قانداق قىلى-دۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى قىزىم ئاچچىقلاپ.

— تېخى ئون كۈنچە ئىلگىرى سىنىپىمىزغا سۇپۇرگە ئالىمىزكەن دەپ بىر كويدىن پۇل يىغىپتىكەن، بىر باليغا بىردىن ئالامتىكى، ئەجەب چۈشەنگىلى بولمايدىغان مۇئەللىمىلەر-كەن ئۇ، — دېدى تاماق ئېيتىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقان ئايالىم

يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ساباھەتخانىغا قاراپ.

— سەن ئىشىڭنى قىل، مەن مۇنداقچە دەۋاتىمەن، ھېلىغۇ بىر كويكەن، 100 كوي بولسىمۇ بېرىمەن بالامغا، قانداق، مەن ساڭا ئامراقمىكەنمەن، قىزىم؟

ئۇ ماڭا يېقىنراق كېلىپ چىرايلىققىنە جىلمايدى.

— ئۇنىداق دەپ بەرسىڭىز ئەتىلا دېرىزىنىڭ ئەيىنىكى سۇنۇپ كېتىپتىكەن، ئەينەك سېلىش ئۈچۈن پۇل دەپ كېلىدۇ بۇ، — دەپ گەپ ئارىلىدى ئايالىم تەگەپ، — ھېچ تۈگىمەي كەتتىغۇ ئۇلارنىڭ پۇل ۋەزىپىسى، خۇددى كوچىدىكى قەلەندەرنىڭ سەدىقە تىلەشلىرىدەك، نېمانچە تۈگىمەيدىغان ھاجەتمەنلەر بۇ! ھېلى سۇ پۇلى دەۋاتقان، ھېلى تازىلىق پۇلى دەۋاتقان. . .

— تولا چىدىماسلىق قىلماڭ، — دېدىم ئايالىمغا تەنبىھ بېرىپ، — بىزنىڭ بالىغىلا كەلگەن ئىش ئەمەسقۇ بۇ، تېخى بۇ بىر - ئىككى كوينىڭ گېپىكەن، چوڭ قىزىڭىز تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە سىنىپتىكى باللار مۇئەللىمگە 50 كويدىن يىغىش قىلىپ ئالتۇن زەنجىر ئېلىپ بەرگىنى ئېسىڭىزدىمۇ؟ جامالنىڭ ئوغلى ئالىم مالىيە سودا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە سىنىپ بويىچە 100 كويغا يېقىن پۇل يىغىش قىلىپ توڭلاتقۇ ئەكىرىپ بەرگىنىنى ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلىدىڭىزغۇ؟ خانىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش، ئايالالار بايرىمى، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى دېگەندەك ئىشلاردا خالىسۇن، خالىمىسۇن سوۋغا تەقدىم قىلىدىغان ئىشلار ھازىر ھېچكىم ئەجەبلەنمەيدىغان رەسمىيەت بولۇپ قالدى. شۇ چاغلاردا سوۋغىتى يوق بالىنىڭ سىنىپتا ھالى نېچۈك بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ دەككە - دەشنەم، گەپ - سۆزى قەدىرسىز، سىنىپ-

تىكى يامان بالا شۇ. ئەمدى سىزمۇ بىر ـ ئىككى كوي دېگەنگە چىداڭ.

بالامنىڭ كۆز ئالدىدا شۇلارنى دېگىنىم بىلەن كۆڭلۈمدە ئاشۇ بىچارە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ئابرويى، نوپۇزىنى، خەلق ئوقۇتقۇچىسى دېگەن شەرەپلىك ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۇرىدىغان ئاشۇ كۆلكىلىك، ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلىرىغا ئېچىناتتىم. بالىلارغۇ ئۇنچە ئىنچىكە ھېسابلىشىپ كەتمەس، ئەمما جەمئىيەت، ئاتا ـ ئانىلار ئويلىماسمۇ؟ «گوللىغىلى كىچىك بالا ياخشى» دېگەندەك، ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئوبدانلا چۈشىنىدىغان ئاشۇ بەزى ئوقۇتقۇچىلار «قولۇپ ئالىمىز»، «سوۋغا ئالىمىز» دەپ بىرەر كويدىن يىغسا بالىلارنىڭ «بەرگىنىم بىر كويغۇ» دەپ 40 ـ 50 بالىدىن جۇغلانغىنى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇلۇپ پات ـ پات بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ، سوۋغىمۇ تېز ـ تېز يوقايدۇ. بەش موچەن، بىرەر كوي بىرەر بالا ئۈچۈن ھېچنېمە، ئاران ئىككىلا بالا يۈزى كۆرىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئۇنچىلىك پۇلنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. ئەمما بىرەر قۇلۇپتىن، بىرەر سوۋغىدىن ئاشقان پۇلدا خېلىلا ھاجەتنى راۋا قىلغىلى بولىدۇ. شۇ تاپتا مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئۆزۈم مۇئەللىمچىلىك قىلغان چاغدىكى بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

... ھەممە ئادەم بىرلا داشقازانغا قارايدىغان كوممۇنا ۋاقتى ئىدى. ئوبۇل تاھىر دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن باغچى يېزىسىنىڭ قۇمئېرىق كەنتىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتۇق. ئىش ھەققى ئاز، گاھىدا پۇل بولىسىمۇ يېگىلى بىر نەرسە تاپقىلى بولمايتتى. زاغرا، ئۇماچ بىلەن قانائەت قىلىشقا كۆنۈپ قالغاندۇق. بىر كۈنى

ئوبۇل تاھىر ئەتىگەنلىك ناشتا قىلالماي مەكتەپكە كەلگەنىكەن، قورسىقى ئېچىپ كولدۇرلاپ چىدىيالماي قالغاندا بىر نەچچە بالىنىڭ جوزىسىنىڭ تارتمىسىدا نان، تۇخۇم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، سىرتتا بىر گۇركىرىگەن ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەڭلا: «بالىلار، ئايروپىلان كەلدى، چىقىپ كۆرۈۋېلىڭلار» دەپ ئوقۇغۇچىلارنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ ئۇلارنىڭ نېنىنى يەپتىكەن، شۇنىڭ بەدىلىگە تەشكىل ئوبۇل تاھىرنى ئوقۇتقۇچىلىق قوشۇنىدىن ھەيدىۋەتكىنى ئېسىمدە. ئەمدى ھازىرقى ئىشلارغا نىمە دېگۈلۈك، ئۇنىڭغا بىرەر ئۇنۇملۇك چارە بولمىغاندىن كېيىن، خۇدا ئاشۇ مۇئەللىملەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەي دېمەكتىن باشقا ئىلاج يوق.

# «بالاڭنى كۆر - جېنىڭنى كۆر» [1]

چوڭ بولغاندا بەردەم، سەرۋى قامەت، قىزلارنىڭ نەزەرى چۈشكۈدەك كېلىشكەن يىگىتلەردىن بولۇش ھەر قانداق ئوغۇل بالىنىڭ كېچە - كۈندۈز يادىدىن چىقارمايدىغان گۈزەل ئارمىنى بولسا كېرەك. بۇنداق سۈپەتلەر سېنىڭ كېلەچەك بەخت دەرۋا-زاڭنى ئاچىدىغان خاسىيەتلىك ئاچقۇچ. لېكىن، مەن يىگىت بولغان چاغلىرىمدا مايسا ۋاقتىدا ئەي يېتىشمەي، دان تۈتالمىغان رەزگى زىرائەتتەك تولىمۇ ئورۇق، كۆرۈمسىز ئىدىم. ئۆڭكۈر-دەك چوڭقۇر كۆزلىرىمدىن تاماگەرلىك، ئاچ كۆزلۈكنىڭ نۇر-لىرى چاقنايتتى. گۈل، گۈزەل قىز، باھار پەيزى دېگەنلەر نەزەرىمدىن ساقىت ئىدى. ئاتا - ئانام «ئەمدى قۇرامىغا يەت-تىڭ، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىپ باق» دەپ تو-يۇمنى قىلىپ، بۆلەك چىقىرىپ قويغۇچە، مەھەللىمىزدىكى ئۇ-چۇرما بولغان تۈمۈچۈق باللىرىدەك شوخ، بېدە گۈلىدەك نا-زۇك قىز بالىلارنىڭ بىرىگىمۇ گۈل سۇنۇپ بېقىشنى خىيالىم-غىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. ھەمىشە ئاچ قالغان ئوۋ ئىتىدەك بىرەر ئولجىنىڭ غېمىدە پۇراپ، تېمىسقىلاپلا يۈرگىنىم يۈرگەنىدى.

بۇنداق مىجەز - خاراكتېر ماڭا بالا چاغلىرىمدىن، ھېلىقى ئاچ قورساق ھالدا مۇنارغا مۈش تەڭلەيدىغان مالىمان يىللاردىن قالغان يالداما ئىدى. تازا يەيدىغان، تاش يەپ، قۇم چىقىرىدىغان

---

[1] خەلق ماقالىسى.

چاغلىرىمدا كۈندە ئاچ - توق ئەسنەپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزەتتىم. كۆممىقوناقنىڭ داشقازىنىدىن بېرىلگەن .ئازغىنا سۇيۇقئاش، ئۇماچلارنى ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلىرىم خۇددى سۆڭەك تالاشقان ئىت كۈچۈكلىرىدەك قىزغىنىشىپ ئىچىشەتتۇق. ئاش تۈگىگەندە كالپۇكلىرىمىزنى يالىشىپ، قاچىلارنى ئۇپرىغىچە قىرىپ، چېھرىدىن نائىلاجلىق چىلۋە قىلىپ تۇرغان بىچارە ئاتا - ئانىمىزغا يەنە بارمۇ دەپ كۆزلىرىمىزنى لۆمۈلدىتىپ قاراپ، ئۇلارنى تەڭلىكتە قوياتتۇق. شۇ چاغلاردا ئۇششۇقلۇق قىلىپ، ئەتىۋار زاغرا بىلەن ئۇماچنى كۆپرەك ئىچىۋالىدىغان، يەۋالىدىغان ئىنى - سىڭىللىرىمدىن بىزار ئىدىم. ئۇلارنى بولمىسىكەن، دەپ تىللايتتىم. «يالغۇز ئوغۇل بولغان بولسام بوپتىكەن» دەپ ئارمان قىلاتتىم. گاھى كۈنلىرى ئانامنىڭ چولىسى تەگمەي قېلىپ، مېنى كوممۇنا ئاشخانىسىدىن تاماق ئەكىلىشكە بۇيرۇسا بەك خۇش بولۇپ كېتەتتىم. يول ئۈستىدە ئۇماچنى ئېغىزىم كۆيگىنىگە قارىماي ئىچىپ ماڭاتتىم. ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭ يېرىمىلا قالاتتى. ئانام ئاش ئازغۇ دەپ سورىسا، تۆكۈلۈپ كەتتى دەپ تۇرۇۋالاتتىم. رەھمەتلىك دادام ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاشخانىغا كەچلىك تاماق ئەكېلىشكە باردىم. كېلىۋېتىپ بىر ئاياق سۇيۇقئاشنىڭ ھەممىسىنى يولدا ئىچىپ بولۇپ، قورققانلىقىمدىن ئۆيگە بارالماي، بىر كېچە تونۇر بېشىدا تۈنىگىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

مۇشۇنداق پاسار چەللە، گۆردەك قاراڭغۇ گەمە ئۆيدە بالا بەش، نان تۆت ئەھۋالدا چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن چىقىمغا، رىزقىمغا چاڭ سالىدىغان شېرىككە بەك ئۆچ ئىدىم. بەرىكەتسىز، ھوسۇلى يوق ئەمگەكلەرنىڭ جاپاسىدا بىمەھەل قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتا - ئانام بۈگۈن تاپسا ئەتىنىڭ غېمى بىلەن

ئۆتەتتى. ئۇلاردا ياخشىراق يېيىش، چىرايلىقراق كىيىنىش دېگەن تۇيغۇمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاچلىقتا ياكى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئۆز ھاياتىنىڭ بۇرچى دەپ بىلەتتى.

بالا چاغلىرىمدىكى بۇ يوقسىزچىلىق دەردى مېنى ئائىلەمنىڭ ئىللىقلىقىدىن، شاد - خۇراملىقتىن ئايرىپلا قالماي، ئوقۇۋاتقان مەكتىپىمدىن، سەبىي دىلداش دوستلىرىمدىنمۇ جۇدا قىلغانىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىم ئىدى، بىر كۈنى مۇئەللىم سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ راينىي سىناش ئۈچۈن ھەممىمىزدىن بىر - بىرلەپ «كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولىسىز؟»، «نېمىنى ياخشى كۆرىسىز، چوڭ بولسىڭىز قايسى كەسىپنى تاللايسىز؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىغىلى باشلىدى. باللار: «ئالىم بولىمەن»، «دوختۇرلۇق كەسىپنى تاللايمەن»، «ئوقۇتقۇچى بولىمەن»، «چوڭ بولسام سپورتچى بولغۇم بار» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىشتى. باللارنىڭ دېگەنلىرى ئەينى چاغدا ئوقۇتقۇچىلار كۈتكەن جاۋابلار ئىدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا دۇدۇقلىغان ھالدا ئەتراپىمغا ئەندىكىپ قاراپ جاۋاب بەردىم.

— سەنچۇ رازاق، چوڭ بولساڭ نېمە بولماقچىسەن؟

— تۇتام - تۇتام پۇلى بار باي ئادەم بولسام، دەيمەن.

جاۋابىمغا باللار قىزىقسىندى بولغاي، دەرھال سىنىپ ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ئەمما ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، لەۋلىرى تىترەپ، بىر نەرسە دېيىشكە تەمشەلدىيۇ لېكىن يەنە قانداق «بىمەنە» تەلەپلىرىم بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سەۋرى قىلدى بولغاي، سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھازىر نېمىگە قىزىقىسەن؟

— شۇ تاپتا قورسقىم تويغۇدەك بىرەر قاچا ياخشى تاماق بولسا، يارىشىملىق بىرەر قۇر يېڭى كىيىمىم بولسا رازى بو - لاتتىم، — سىنىپتا پاراقلىدە كۇلكە كۆتۈرۈلدى. پەيمانى تو- شۇپ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇئەللىم باللارغا «جىم بولۇش» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ، مەندىن يەنە جاۋاب كۇتتى. ئېھتىمال ئۇ ئىچىمدىكى «زەھەر» نىڭ ھەممىسىنى بىلمەكچى بولغان بولسا كېرەك.

— قېنى ئېيتە، مەكتەپ پۈتتۈرسەڭ قايسى كەسىپنى تاللايسەن؟

— پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا بولسا ئىش تاللاپ ئولتۇرماي- مەن، ساتىراشلىق بولسىمۇ قىلىمەن.

تېخى سۆزۈم تۈگىمىگەنىدى، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن مۇئەللىم خۇددى چۈجىگە ئېتىلغان سادەك ئىتتىكلا كېلىپ، ئولتۇرغان يېرىمدىن تارتقۇشلاپ تۇرغۇزۇپ سۆرىگىنى- چە دوسكا يېنىدا ئۆرە تۇرغۇزدى - دە، يەنە سوئال سورىغىلى تۇردى:

— ئېيتە، بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ سېسىق ئىدىيىسىنى كىم- دىن يۇقتۇرۇۋالدىڭ؟ ئاتا - ئاناڭ ئۆگەتتىمۇ - يا؟

— ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنى شۇ.

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ تۇرغانلا بىر زەھەرغۇ؟ ساپلا بۇر- ژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش ئىستىكى. سىنىپىي كۈرەشنىڭ سېنىڭ- مىزدىكى ئىنكاسى، شۇنداقمۇ؟ — مۇئەللىم جاۋاب بېرىشىمنى سۆيلەپ ھەيۋە قىلاتتى، سىلكىشلەيتتى.

— بىلمەيمەن، — دېدىم مەن مۇئەللىمگە ھومىيىپ. ئۇ مەندىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، نېمە بولۇشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ جىمغىنا ئولتۇرۇشقان باللارغا

قاراپ دېدى:

— رازاقنىڭ دېگەنلىرى پرولېتارىيات ئىدىيىسىگە زىت گەپلەر، سىلەر ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىڭلار كېرەك. ھازىر ئىز باسارلارنى تاللىشىش كۇرىشى بەك جىددىي...

— مۇئەللىمنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئەتىگەن ناشتىدا يېگەن بىر پارچە زاغرا نانغا قانا-ئەت قىلمىغان ئاچ قورساق، خىيال قۇشۇمنى ئاللىقاياقلارغا، بىرەر بۇردا نان، بىرەر قاچا ئاش تاپقىلى بولىدىغان ساھىللارغا ئېلىپ قاچاتتى...

ئاخىر مەكتەپتىن ھەيدەلدىم. شۇ چاغدىكى دە تالاشتا مەن ھەقلىقمۇ ياكى مۇئەللىمنىڭ دېگىنى دۇرۇسمۇ تازا بىلىپ كەت-مەيتتىم. پەقەت يېگىلى ئاش - نان، خەجلىگىلى پۇل بولغاندىلا ئاندىن خۇدا بەرگەن بۇ ئېزىز جاننى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان-لىقىنىلا پەھىم قىلاتتىم. مېنى رېئال دۇنياغا باشلاپ كىرگەن، مەسىلىلەرگە، كىشىلىك تۇرمۇشقا داچەننىڭ تۆشۈكىدىن قاراي-دىغان قىلغان باللىق تارىخىم ئەنە شۇنداق.

ئاشۇ قـورساق تويـمايـدىـغان، تويـسـىـمۇ كۆز تويـ-مايـدىـغان ئاچ - زېرىنلىق يىللارنىڭ ماڭا قالدۇرغان يالدامى-سى بۇلا ئەمەس ئىدى. مۆرىتى كەلگەندە ئوغرىلىقنىمۇ قىلات-تىم. گاھىدا موھتاجلىق، يوقسۇزچىلىقنىڭ تۈگمىنىدە يانجىل-غان چاغلاردا، كىچىك بالىنىڭ پارچە پۇل سېلىنغان ھەميانىغا، قەلەندەرنىڭ تومپايغان خۇرجۇنىغىمۇ كۆز سالاتتىم. قوشنىلار-نىڭ ئۆيىگە كىرىپ قايتىشىمدا بىرەر ياغاچ ئوتۇن، كەكە، پالتا دېگەندەك نەرسىلەرنى قوينۇمغا سېلىپ چىقاتتىم. كېچىلىرى باشقىلارنىڭ ئېتىز - ئورەكلىرىدىن باش قوناق، ئېچىلغان پاختىلىرىنى، توخۇ - تۇمانلىرىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغان

چاغلىرىممۇ يوق ئەمەس.

ئىشقىلىپ ئالىدىغانلا يەر بولسا هالال ـ هارىمى بىلەن ئىشىم يوق، ئالتە پۇتلاپ جاپاتتىم. بېرىشكە كەلگەندە يۇرت ئىچىدە «تۆمۈر خوراز» ، «بەرمەسباي» دېگەن نامىم پۇر ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئوغرى، ئەگرى قول دەپ ئەيىبلەشلىرى پەرۋايىمغا كىرىپ چىقمايتتى. ناۋادا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغۇدەك بولسام «تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭ يە، ئىشلەپ يېسۇن باللار» دېگەن رىسالە بويىچە ئۆزۈمنىڭلا هۆددىسىدىن چىقىشنى، «تۇغقان، پەرزەنت» دەپ ئاۋارىچىلىككە قالماسلىقنى تىلەيتتىم.

مۇشۇنداق نانىنىڭ، پۇلنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىكىمدىن هۆكۈمەت تىجارەتنى قويۇۋەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سودىغا بېشىمچىلا كىرىشىپ كەتتىم. يىراق ـ يېقىن، كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمىدىم. قەھرىتان قىشنىڭ قار ـ مۇزلىرى دەشتى چۆللەردىكى تومۇز ئىسسىق مېنى قورقۇتالمىدى. دەسلەپتە قاشتېشى هايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللاندىم. ئازراق دەسمايە تېپىۋېلىپلا ئاندىن چىڭخەينىڭ تاغلىق يوللىرىدا قاتراپ، تېرە ـ يۇڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. شەهەردىن ئەسكى، بۇزۇق تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇلارنى تاغلارغا ئەپچىقىپ هايان كۆردۈم. ئىش قىلىپ هۆكۈمەت چەكلىگەن خىروئىن، نەشە دېگەندەك نەرسىلەردىن باشقا پايدا ئالغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى شەهەرمۇ شەهەر يۆتكەپ ساتتىم. بارا ـ بارا يانچۇقۇم تومپىيىپ بانكىدا قويغان پۇلنىڭ ئۆسۈمى بىلەن ئائىلىنى باققۇدەك هالغا يەتتىم. ئۆزۈممۇ راهەت، توق تۇرمۇشتا بارغانسېرى ئەتلىنىپ، بوي ـ بەستىمگە ئىسكەت كىرىپ بۇرۇنقى رازاقىقا ئوخشمايلا قالدىم. ئەمما ئالەم جاهان ئوڭشىلىپ، يوقسۇلنىڭ دولىسى ئاپتاپ كۆرگەن، ئاش ـ ئوزۇق كەڭرى بولۇپ قورساق تويغان

مەزگىللەرگە كەلگەندىمۇ، مېنىڭ بۇ زاكىدىكى چېغىمدا پەيدا بولغان پۇلغا ئامراق مىجەزىم قىلچە ئۆزگەرمىگەنىدى. يىغاتتىم، توختىماي يىغاتتىم. يىغقانلىرىمنى ھەتتا ئۆزۈم سەرپ ئېتىشكە، يېيىشكە پايلىمايتتىم. تاشنى ئېزىپ ياغ چىقارغىلى بولمىغاندەك، مەندىن بىرەرى ئاسانلىقچە بىرەر تىيىن پۇل ئالالمايتتى. ئۆيۈمدىن چاشقان، ئىشىك تۈۋىمدىن قەلەندەر يامانلايتتى. يېمەك - ئىچمەك، ئۇن - ياغ بار ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئايالىمغا تۇتقۇزمايتتىم. كۆكتاتلىقتىن بىرەر باش چامغۇر، پىياز دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ ئۆزۈم يۇلۇپ بېرەتتىم.

— چىدىساڭ ئۆلتۈر، بولمىسا بوغچاڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال! — دەيتتىم تۆمۈر تىرناقلىقىمغا، بېخىللىقىمغا چىدىمىغان ئايالىمغا گۆلىيىپ.

شۇنىڭ بىلەن خوتۇنۇم تۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتقۇسى كەلمەي، ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، زارلىنىپ جىم بولاتتى.

ئۇ بەك ياۋاش ئىدى، تەشتەكتىكى گۆلدەك نەدە قويسام شۇ يەردە تۇراتتى. باشقىلارنىڭ ئاياللىرىدەك قىممەت باھالىق كىيىم، زىبۇ زىننەت تەلەپچى يوق ئىدى. ئۇنداق تەلەپنى قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. پەقەت بالا يۈزى كۆرۈش، ئاخىرەتلىكى ئۇچۇن يىلتىز قالدۇرۇش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر ئىستىكى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئىككى قېتىم قورساق كۆتۈرگەندە «مەن ئايلاپ ئۆيدە بولالمايمەن، تۇغساڭ قانداق باقىسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بالىغا ئۆچ، تاپقان - تەرگىنىمنى بىر بىۋاپا رەققاسقا تۇتقۇزغۇم يوق» دەپ، خۇددى قۇشخانىغا ئېلىپ ماڭغان مالدەك سۆرەپ ئاپىرىپ بالىنى ئالدۇرۇۋەتكەنىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ بالا يۈزى كۆرۈش جېدىلى زادى تۈگىمىدى. ئۆيدە بولغان چاغلىرىمدا يالۋۇراتتى. شۇغىنىسى ئۇ بىشەملىك قىل-

مايتتى، چېچىلمايتتى. تونۇش ـ بىلىشلىرىمگە دەرد ئېيتمايت-
تى. پەقەت ئۆزۈمگىلا يېلىناتتى. بۇ بىر ئانا بولغۇچىنىڭ
مۇقەددەس ھوقۇقى بولسىمۇ، بالىغا خۇشۇم يوقلۇقىدىن ھەر-
خىل باھانىلەر بىلەن رەت قىلىپ كەلگەنىدىم. ھەيران-
مەن نى ـ نى بىشەم ئەسكىلەر بىلەن گەپ ئىككىگە بارمايلا تىغ
چىقىرىدىغان لۈكچەكلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارغا بىر قوشۇق
تۈزدەك تېتىمغانمەن. لېكىن، ياخشى مۇئامىلە، شېرىن سۆزنىڭ
مۇنچىۋالا قۇدرىتى بارلىقىنى ئۆمرۈمدە مۇشۇ قېتىم ھېس قىلى-
دىم. ئاخىرى ئۇ مېنى يەڭدى.
— سىلىنىڭ دېگەنلىرىمۇ دۇرۇس، — دەپ سۆز باشلى-
دى ئۇ بىر كۈنى كەچتە ئالدىمغا تاماق ئەكىلىۋېتىپ، —
جەمئىيەتتە ۋاپاسىز باللارمۇ يوق ئەمەس. ناۋادا تەڭرىم سىلى-
دىن ماڭا بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلغۇدەك بولسا، ئۇنى چوقۇم
ئىنساپلىق، ئىمانلىق، ۋاپادار قىلىپ تەربىيىلەيمەن. ئەجىر
قىلىدىغان خۇدايىم بەردى، موھتاجلىقىمىز يوق. مۇشۇ
ھالدا بىرەر بالا دېگەن ئېغىرلىق قىلارمۇ؟ بۇ شاھ قەسىردە-
دەك ئايۋان ـ سارايلار بالا بولمىسا ئاۋات بىلىنمەيدىكەن.
ئۆزلىرى تولىراق سىرتتا بولىدىلا، ماڭا ھەمراھ بولاتتى. يات
دېگەن ھامىنى يات، بىزگە كۆيمەيدۇ. ئۇ ئاشۇنداق دەپلا يەنە
يىغىسىنى باشلىدى. بۇ قېتىم نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇنىڭغا ياق
دېيەلمىدىم، ماقۇلمۇ دېمىدىم. ئەمما ئايالىم مېنىڭ ئاشۇ بىر-
دەملىك سۈكۈتۈمنى پەرزەنت كۆرۈشكە قوشۇلغانلىق، دەپ بى-
لىپ چەكسىز بەختىيارلىقتا چۆمدى ھەم ئۇزاقتا قالمايلا قورساق
كۆتۈرگەنلىك خەۋىرىنى تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلدى. شۇنداق
قىلىپ خالار ـ خالىماس ھالدا بىر بالىغا دادا بولغان بولدۇم.
ئەمما بۇ ئالەمگە تەكلىپسىزلا كۆز ئاچقان ئۇ شور پېشانە بوۋاق

مېنىڭ ئاتلىق مېھرىمدىن ئۆزگە تېگىشلىك نېسىۋىگە ئىگە بولالمايلا، ئۆز ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى قانغۇچە ئەممەيلا، خۇددى كاككۇك تۇخۇمىنى غورلاينىڭ ئۇۋىسىغا تۇغۇپ قويۇپ بالا چوڭقۇتقاندەك، چوڭ ئاپىسىنىڭ بېقىشىغا ئاپىرىۋېتىلدى. ئايالىمنىڭ «بالا سىلىگە ئۆگەي ئەمەسقۇ؟ بىرەر ياشقىچە ئىمدى-تىۋالسام، ئۇنىڭ مەندە ھەققى قالىدۇ، ئۇ ئوغۇل تۇرسا» دېگەن نالە - پەريادلىرىغا پىسەنت قىلمىدىم. بالا گويا مېنىڭ ئەمەستەك. ئۆز قېنىمدىن بولمىغاندەك، باشقا ئۆيدە نامرات تۇرمۇشتا قاقىلەي، سوقىلەي چوڭ بولدى.

※ ※ ※

بىر كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆيگە تىجارەتتە خېلىدىن بېرى مۇئامىلە قىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىككى تونۇشۇمنى باشلاپ كىر-دىم. ئايالىم لەڭمەن ئېتىۋاتقانىكەن، ئازدىن كېيىن ئۇ ئالدىم-دىكى ئۈستەلگە چوكا سېلىنغان، ھورى چىقىپ تۇرغان ئۈچ قاچا ئاشنى تىزىپ بولغاندىن كېيىن:

— جاۋەندىن ئاچچىقسۇنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى ئۆيدىن ئاستا چىقىۋېتىپ.

مەن دەھلىزىدىكى تام جاۋەندىن ئاچچىقسۇنى ئېلىپ ئايا-لىمنىڭ قولىغا بەرگۈچە بولغان ئارىلىقتا مېھمانلارنىڭ ئۆز ئارا كۇسۇلدىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى، بىراقلا ئىش-تىھاسى تۇتۇلۇپ قالغاندەك قوللىرىغا ئېلىپ بولغان چوكىلارنى يەرگە قويۇپ، ماڭا بۇرۇن كۆرمىگەندەك قارىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلگۇردۇم.

— بۇ ئاچچىقسۇ ھەرەمنىڭ زەمزەمى ئەمەستۇ؟! — دې-

دى ئۇلاردىن تېرە سودىسى قىلىدىغان بىرى ماڭا ئىستىھزالىق نەزەردە قاراپ، بۇ ئېنىق ماڭا قارىتىلغان تەنە، ھەزىل ئىدى. قارىغاندا ئۇلار مېنىڭ ئاچچىقسۇدەك نەرسىلەرنىمۇ قولۇپلاپ ساقلايدىغانلىقىمغا ھەيران بولغان بولسا كېرەك. ئاخىرى ھېلى-قى تېرىچى مېھمان يەنە سۆز ئاچتى. ئۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇچى يوق، كۆڭلىگە نېمە كەلسە دەۋېرىدىغان، ئوچۇق سۆزلۈك كىشى ئىدى.

— بەزىلەرنى ئەيىبلەپ «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدۇ» دېيىشسە، شۇ دەرىجىدە بېخىلمىدۇ، دەپ قالاتتىم. سىلە ئۆز ئايالىغىمۇ كېپەك ئالدۇرمايدىغىنى ئوخشىمامسىلە؟ نېمە ئۇ ئاچچىقسۇ دېگەن، بۇگۇنكى كۈندە دىۋانىمۇ ئۇنداق قىلماس، — دېدى ئۇ. دەھلىزىگە قاراپ ئايالىمنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن.

— ھۇش، — دېدىم مەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنىڭ ئۇ-چىنى لەۋلىرىمگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، — خوتۇن ئاڭلاپ قالمى-سۇن، بولمىسا تەرتىپ بۇزۇلىدۇ. سىلەرگە دەپ قويااي بۇرا-دەرلەر، مېنىڭچە قولۇپلاپ ساقلىغاننىڭ يامىنى يوق. ھېچ بولمىغاندا تۇگەپ قېلىپ، قوشنىلاردىن ئۆتنە سورىغاندىن ياخ-شى. خوتۇنغا ئىشەنگىلى بولماس. ياش چاغلىرىمدا بىر دەنانىڭ مۇنداق نەزمىسىنى ئاڭلىغانمەن:

كىشىكىم گەر بىخۇت بولدى ھۇزۇرىدىن جۇدا بولدى،
بىلىدە قارا ئارغامچا، كۆزى ئوتۇن، سۇدا بولدى.
خوتۇننىڭ تەننازىنى كۆرۈپ گول بولمىغىن زىنھار،
يىلاننىڭ تاشى يۇمشاقتۇر، ئىچى زەھەر بالا بولدى.
ئۇنۇڭ بىرلەن ئوتۇن بولمايدىكەن ئۆي قاراڭغۇ گۆر،

خوتۇن مۇنكىر-نەكىر سۈرەت قىلىپ، ئەرنى تالار بولدى. ئۆيۈڭدە ئۇن، ئوتۇن بولمايدىكەن شۇ كۈن قىيامەت كۈن، خوتۇن بىرلەن گويا مەھشەر كۈندەك ماجرا بولدى.

— مەيلى قانداق نەزمە بولسىمۇ، خوتۇنۇڭ قانچە ئەگرى قول بولسىمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئاچچىقسۇ، ئۇن - ياغ دېگەندەك نەرسىلەرنى قولۇپلاپ ساقلاش بىر ئەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەستە. «ئادەم دۇنيا تاپسا ئۆزى شۇ دۇنيانىڭ ساقچىدى-سىغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگىنى راستكەن. مۇشۇ قەسىر-دەك ئايۋان - سارايلارنىڭ قانچە بىرىگە قولۇپ سېلىپ بولارسى-لە، ئۆلمەسىلە، — دېدى دۇئادىن كېيىن ھېلىغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرغان ياقا يۇرتلۇق، ياشتا چوڭ مېھمان.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆلۈپ تۈگەيدىغان بۇ ئالەمدە ئۈنچە قىلىپ نېمە تۇرۇپتۇ، «قوش داننى دەپ ئۆلەر، ئادەم پۇلنى دەپ» دەپتىكەن، ھېلىمۇ سىلە بىلەن مۇشۇ دەمگىچە ئۆي تۇتۇپ-تۇ ئۇ خوتۇن، — دېدى ياش مېھمان. ئۇلار مېنى ئۆيۈمدىن ئۇزىغاندىن كېيىنمۇ خىلىغىچە ئەيىبلەپ كەتتى. ئۇنى خورلى-ماسلىقنى، ئۇ ئالەمنى ئويلىشىمنى، بولمىسا مەندەك ئادەم بىلەن سودا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىشەنچسىز بولىدىغانلىقىنى گەپ ئارىسىدا پۇرىتىپ ئۆتتى.

لېكىن پۇل ئىشىغا كەلگەندە، ماڭا خىزىرنىڭ گەپ - سۆزىمۇ تەسىر قىلمايتتى. مەنپەئەتىمگە پايدىسىز تەكلىپلەر، ئۆتۈنۈشلەر ۋىجدانىمنى، غۇرۇرۇمنى قاربلايدىغان ئەيىبلەشلەر، ھەتتا ئانا - ئانامنىڭ تىلەك - ئىلتىجالىرىمۇ خۇددى قۇرام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ بۇژغۇنلاپ كەينىگە قايتقان دېڭىز سۈيىدەك يوقاپ كېتەتتى. رەھمەتلىك ئانام ئۆزىنىڭ ئاق سۈتى بىلەن

ۋۇجۇدۇمغا تېرىغان مېھرى ـ ۋاپا، ئىزگۈ مۇھەببەت ئۇرۇقلىرى ئاچارچىلىق، يوقسۇزچىلىقنىڭ بوران ـ شىۋىرغانلىرىدا قۇرىغان بولسا كېرەك، پۇل كۆزۈمگە كۆرۈنسىلا ئاتا ـ ئانام ۋە بىر قورساق قېرىنداشلىرىمنى يات كەبى ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. مۇشۇنداق سامانىنى يېرىپ قالاپ، قىلنى قىرىققا بۆلىدىغان ھېساب ـ كىتاب بىلەن ئائىلە ۋە سىرتىنىڭ ئىشلىرىنى، تىجارىتىمنى يۇرۇشتۇرۇپ يۇرۇپ ئۆمۈر مەنزىلىمنىڭ خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ئائىلە قۇرغاندىن بېرى ھەممە ئىشتا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب بولۇپ، بىرەرى تىجارىتىمگە، ئۆي ئىشلىرىمغا ئارىلىشىپ چەك قويالمايتتى. ئايالىم كۈندىن ـ كۈنگە ياۋاشلىشىپ تولىمۇ رايىش ۋە جىمغۇرلىشىپ كەتكەنىدى. كۆرگەنلا نەرسىگە ئاھ ـ ۋاھلاپ ئىچ ئاغرىتىدىغان، ياش تۆكىدىغان بولۇپ قالغانىدى. باغ، ئېتىز ـ ئورەكلەردە بىرەر توپ كۆچەت، مايسا قۇرۇپ كەتكۈدەك بولسا يىغلاپ ھازا تۇتاتتى. دەسسەپ ئۆلگەن چۈمۈلىنىمۇ ئالاھىدە دەپنە قىلاتتى. چىۋىنلارغا پالاق ئۇرسىمۇ گۇناھ بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئۆينىڭ ئاش ـ ئوزۇقىنى ئادەتتىكىچە غەملەپ بەرسەملا باشقا تەلەپلىرى يوق ئىدى. خۇددى ماشىنا ئادەمدەك ئەتىدىن ئاخشامغىچە ئارامسىز ئىشلەيتتى. تاماق ئېتەتتى، كىر يۇياتتى. ئۇنىڭ مەن بىلمەيدىغان، مەندىن يوشۇرىدىغان قانداق ئارزۇ ـ تىلەكلىرى بارلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلەتتى، ئۆزى دېمەيتتى. ئۇ يېڭىلا تۇغقان بالىسىنى ئايرىۋەتكەن چاغلاردىن تارتىپلا تېز قېرىپ كېتىۋاتاتتى. بېجىرىم قامىتى يىگىلەپ، چىرايلىق مەڭزىلىرى تارتىشىپ، چاچلىرىدا ئاقلار كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بۇ كۈنلەردە تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن مەندىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. بۇرۇنقى شىددى-

تىم، ئۆز پىكىرلىكىم ئازلاپ، ئۆزۈن يول ماڭسام ھاسىرايدى-
غان، ئولتۇرغان جايدىن تەستە تۇرىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان-
دىم. بۇرۇنقىدەك ھەر نەرسىگە قىزىقىدىغان، پايدا
ئىۈچۈن شەمۇ - شە قاتراپ، تاغ - داۋان ئېشىپ سەپەر
قىلىدىغان غەيۇرلۇق ھازىر يوق ئىدى.

مارت ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. غەربىي جەنۇب تەرەپتىن
ئۇرغان باھار شاملى ئېتىزلاردىن، يوللاردىن چاڭ - توپىلار-
نى، قەغەز پارچىلىرىنى، قۇرىغان غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ كې-
لىپ، ھويلا - ئارامىلارنىڭ تاملىرىغا، باغلار ۋە يول گىرۋەكلى-
رىدىكى دەرەخلەرگە، ھەريان كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ يۈز -
كۆزلىرىگە ئۇراتتى. شامال كوچەيگەندە ئۆيلەرنىڭ بالكونلىرى-
دىن، دېرىزىلەردىن گۇركىرىگەن، غۇيۇلدىغان ئاۋازلار كېلەت-
تى. توخۇلار قونداقلىرىدا پالاقشىپ ئەنسىز سايرىشاتتى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، قاراسلاپ
چاقماق چېقىشقا باشلىدى. ئايۋاننىڭ ئىشىك ۋە تورۇس رۇجەك-
لىرىدىن كىرگەن شولا نەقىشلىك تاملارنى بىردەمگىنە يورۇتۇپ
غايىب بولاتتى. سىرتتا سىمىلداپ يامغۇر ياغقاندەك قىلاتتى.
بىز ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئاخشامدىن بۇيان ئېغىر زۇكام
تېگىپ بېسىمداپ يېتىپ قالغاندۇق. سەھەرگە يېقىن ھالىمىز
تېخىمۇ ناچارلاپ، بىرىمىز - بىرىمىزگە قارىغۇدەك مادارىمىز
يوق، ياستۇقتىن باش كۆتۈرەلمەي بىرەر يۇتۇم سۇمۇ ئىچەلمەي
ئاھ - ۋاھلاپ ئىڭراپ ياتاتتۇق. ناشتىغا يېقىن ئايالىم جانسىز
قوللىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋىدى ئۆرە بولالماي
ئۆز جايىغىلا يىقىلىپ چۈشتى. مېنىڭ ھالىممۇ ئۇنىڭدىن قې-
لىشمايتتى. كېچىچە قىزىپ، ئوت - كاۋاپ بولۇپ جۆيلۈپ
چىققاندىم. بەزگەك تەگكەن كىشىدەك جۇغۇلداپ تىترەيتتىم.

چۈشكە يېقىن ئىككىمىز تەشنالىق، ئاچلىق دەردىدىن قاتتىق قىينىلىپ كەتتۇق. شۇ تاپتا ھويلا ـ ئارامدىكى قوي، كالا، توخۇ ـ تۇمانلار ئاچلىقتىن مۆرەشمەكتە ئىدى. لەۋلىرىمىز گەز ۋە تۇز ئىچىۋالغاندەك چاك ـ چاك يېرىلغانىدى. مەن ئاسماق قىلىپ سىلىنغان سۇپىدا، ئايالىم ساراي ئۆينىڭ ئىشىك تۇۋىدىكى كىچىك سۇپىدا ياتاتتۇق. قاتتىق توڭلاۋاتقان بولسامۇ يېقىنلا يەردىكى جاۋەن ئۈستىدىن بىرەر تال يوتقان ئېلىپ يېپىنىۋېلىشقا مەندە ئىنجا (ماجال) يوق ئىدى. بۇ ھالدا سىرتتىن بىرەر قوشنىمىزنى ياكى يولدىن بىرەر ئۆتكۈنچىنى چاقىرىپ، ھالىمىزدىن خەۋەردار قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەتراپىمىزدىكىلەر دېھقان خەقلەر بولۇپ، ھازىر ئېتىزدا ئالدىراش ئىدى. ئۇلار بىلەنمۇ بىرەر زۆرۈرىيەت بولمىسا يوقلاشمايتتۇق. ئەگەر شۇ تاپتا بىزنى خەۋەر تاپىدىغان، دوختۇرغا يۆتكەپ داۋالىتىدىغان ئادەم بولمىسا، قاراپ تۇرۇپ ئىككى جان ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئىدى. مانا ياستۇقۇمنىڭ تېگىدىلا 20 تۇمەن نەق پۇل تۇرۇپتۇ. ھازىر ئۇنى كىم خەجلەيدۇ؟ كىم بازاردىن دورا، ئاش ـ نان توشۇپ بېرىدۇ؟ كىم بىزگە ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر پىيالە قايناقسۇ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر بۇ پۇل جانغا ئەسقاتمىسا، بىراۋ خەجلەپ بەرمىسە، ئۇ بىر تۇتام قۇرۇق قەغەزغۇ؟ شۇنچىۋالا ئۆي ـ جاي، دۇنيا ـ ئوقەتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئاھ خۇدا، باغرى تاشلىقىم، ئاچ كۆزلۈكۈم ئۈچۈن مېنى جازالىدىڭمۇ؟

— مۇشۇ ياتقانچە ئۈن ـ تىنسىز ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ؟ — دېدى ئايالىم تەڭرىگە نالە قىلىپ، — ئاشۇ بالىمىز يېنىمىزدا بولغان بولسا مۇشۇنداق كۈنگە قالماس ئىدۇق، — ئۇ مەندىن قېيىدىغاندەك تورۇسقا قارىغىنىچە يىغلاپ

ياتاتتى.
— شۇ چاغدا مېنى غەپلەت باسقانىكەن، خوتۇن. مۇنداق هالغا قالارىمىزنى بىلمەپتىمەن، پۇل بولسىلا ھەممە تەل بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، گۇناھ مەندە، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ.
— بەندىچىلىك ئەمەسمۇ؟ ئادەم ئازمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ شۇغىنىسى كۆز يۇمۇش ئالدىدا بالامنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام. .
— خۇدايىم ساقلا، سىلىنىڭ ئۆمرۈڭلىنى ئۇزۇن قىلا، — دېدىم ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تەسەللىسىدىن رازى بولۇپ.
— يەيدىغان رىزقىمىز بولسا. . ئايەت سۈيىمۇ تەييارلاپ قويمىغانىكەنمەن، ھەي ئىسىت، ئىمان بىلەن كەتكىلى نېسىپ قىلارسەن خۇدايىم. . ئايالىم خېلىغىچە مۇشۇنداق كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ ئاندىن جىم بولدى. مۇشۇ مىنۇتلاردا ھەر ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى شۇنچە زەئىپ، پەس بولسىمۇ لېكىن بىر - بىرىمىزنىڭ شىۋىرلاپ ئېيتقان سۆزلىرىمىزنى، نەپەسلىرىمىزنى، يۈرەك سوقۇشلىرىمىزنى بىمالال ئاڭلاپ ياتاتتۇق. ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىزنى شۇنچە سەگەك، ھوشيار قىلىپ قويغانىدى. راست، شۇ بالىمىز يېنىمىزدا بولغان بولسا بۇنداق بىچارە، ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالماس ئىدۇق. باشقىلارنى تالاپ - شۇلۇپ، ئاتا - ئانىنى، خوتۇن، بالا - چاقىنى بەدەل قىلىپ تاپقان ئاشۇ پۇل ھازىر ماڭا نېمە قىلىپ بېرەلىدى؟ ئۇنى يېگىلى، ئىچكىلى بولىدىمۇ؟! . . . يا ئۆلگەندە مېنىڭ مانچە پۇلۇم بار دەپ خادىغا ئېسىپ قويغىلى بولمىسا!

توساتتىن مېنى شۇنداق بىر يىغا تۇتتىكى، شۇنداق ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتىم، ئۆمۈر بويى يىغلىپ قالغان داغ ـ ھەسرەتلەر، نالە ـ پەريادلار بىراقلا تېشىغا تەپتى بولغاي، كۆز ياشلىرىمنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ، ۋۇجۇدۇمدىكى پۇل ـ دۇنيا ھېرىسلىقىدىن پەيدا بولغان جىمىكى باغرى تاشلىق، رەھىمسىزلىك، ئاچ كۆزلۈكنىڭ داغلىرىنى يۇيۇۋەتمەكچى بولغاندەك ئىدى. توۋا، ئۆز قېنىمدىن بولغان بالىنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەندە، ئانام بىلەن دادام قازا قىلغاندا، غېرىب ـ ئاجىزلار ئاچلىقتىن، موھتاجلىقتىن نالە قىلغانلىرىدا كۆزلىرىمدىن تامچە ياش ساقىمىغانىكەن. ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە ئىچ ئاغرىتىپ باقمىغانىكەنمەن. ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟ ۋۇجۇدۇمدىن يىغا قايناپلا تۇرىدۇ. كۆز يېشىم توختايدىغاندەك ئەمەس. ئايالىمنى چاقىردىم، ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە ئېچىنارلىق، ئەپسۇسلۇق نەزەردە ياشلانغان كۆزلەر بىلەن بېقىشتۇق.

ــ مەنمۇ بالامنى سېغىنىۋاتىمەن، نېمە پوق يەپ ئۇنى ئۆز يېنىمدا باقمىغان بولغىيدىم، ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق، ــ دېدىم ئۆزۈمنىڭ گۇناھىمنى تونۇغانلىقىمنى ئىپادىلەپ.

ــ ئۆز بالىسىنى سېغىنمايدىغان ئاتا ـ ئانا يوق، ــ دېدى ئايالىم ماڭا تەسەللى بېرىپ، ــ بالىمىزمۇ ئاتىغا موھتاج. . .

ئايالىم سۆزلەۋېتىپ توساتتىن جىمىپ قالدى. ئىسمىنى چاقىرساممۇ ھېچ زۇۋان سۈرمىدى. كۆڭلۈمگە تەشۋىش ئولىشىپ قورقۇپ كەتتىم ـ دە، يىغلىغاچ ئادەم بارمۇ؟ دەپ پەرياد قىلدىم، ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم. ئەمما ھېچبىر ئەكس سادا بولمىدى. ئاخىر ئۆزۈم سىرتقا چىقىش ئۈچۈن، كېسىلىمنى ئۇنتۇغان ھالدا سۈپىدىن پەسكە سىيرىلدىم. بىراق، يەرگە

قەدەم قويۇشۇمغا ئۆرە بولالماي يىقىلىپ چۈشتۈم. شۇ ھالدا
ئۆمىلەپ دىگەندەك جىنىمنىڭ بارىچە ئىشىك تەرەپكە سىلجىدىم.
ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردە دەرۋازا قاناتلىرىغا ئىسىلغىنىم ئى-
سىمدە. كىيىن ئۇقسام شۇ جايدا يىقىلىپ ھوشۇمدىن كەتكەن
ئىكەنمەن. شۇ ئەسنادا سول تەرەپ قوشنامنىڭ ئوغلى ئۆگزىدە
لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئويناۋاتقان بولۇپ، مىنىڭ ۋارقىرىغان ئەن-
سىز ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر قىپتۇ. بۇ دەل
چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ، بوران توختاپ ھاۋامۇ ئىچىلغان
مەزگىل ئىكەن. مەن ھىلىغىچە قوشنىدارچىلىق قەرزىنى ئادا
قىلمىغان، نامرات دەپ كۆزگە ئىلمىغان بۇ قوشنام ئەر ـ
خوتۇن ئىككىمىزنى ئالدىراش ئىشەك ھارۋىسىغا سىلىپ يىزا
دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپتۇ. ئاندىن ناھىيىلىك شىپاخانىغا يۆت-
كەپ، بىزنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ.
مەن ھوشۇمغا كىلىپ كۆزۈمنى ئاچقاندا، ئۆزۈمنى دوخ-
تۇرخانىنىڭ ياتىقىدا كۆردۈم. ئەتراپىمدا 25 ياشلاردىكى ئاق
خالات كىيىۋالغان بۇرۇتلۇق، ئۆڭى ئاق، قوي كۆز دوختۇر
يىگىت بىلەن مىنى قۇتقۇزۇۋالغان قوشنام سالى ئاخۇن يەنە
بوۋاق چىغىدىلا باقماي چوڭ ئانىسىغا تاشلاپ بەرگەن، چىراي
تۇرقى ماڭا قۇيغاندەكلا ئوخشايدىغان ئۆز ئوغلۇم ئەخمەت ۋە
ئۇنىڭ 8 ـ 7 ئايلىق بولغان بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان ئايالى
قارامۇتۇق چوكان ــ مىنىڭ كىلىنىم تۇراتتى. ئوغلۇم بۇ يىل
20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ بىشىدا چوڭ ئاپىسى
قازا قىلىشتىن بۇرۇن ئۆز قولى بىلەن ئۆيلەپ قويغان. ھازىر-
غىچە تاغىلىرى، ئاچىلىرى بىللە بىلەن تۇراتتى. دىھقانچىلىق،
قوشۇمچە خارەتچىلىك قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ئىنساپلىق، ھالال
بالا بولدى. . . دىگەنلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. دوختۇر مىنىڭ پى-

شانەمنى ۋە قول بېغىشمدىكى تومۇرلارنى تۇتۇپ باققاندىن كېـ
يىن ئۇستۇمدىكى ئەدىيالنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ، — كېسەل
ياخشى دەم ئالسۇن، كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن بىر ىگلار قېـ
لىپ، قالغانلار قايتىڭلار، — دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

ئوغلۇم ئەخمەت كارىۋات ئايىغىدا ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىمنى
مۇجۇپ تۇتۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېھرىدىن بىزدىن ئەنسىرىگەنلىكى،
جىددىيلەشكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئانامنىڭ ئەھۋالى ياخشى،
ھازىر قىزىتمىسى چۈشتى. ئاياللار بار ئۆيدە ئوكۇل سېلىۋاتىدـ
دۇ، غەم قىلماڭ، — دېدى ئۇ ماڭا يېقىنراق كېلىپ قولۇمنى
تۇتۇپ.

شۇئان ماڭا غەلىتە بىر خىل خىجىللىق ياماشتىكى، بالامـ
نىڭ سەممىيلىك بىلەن قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئۇدۇل
قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. مىڭ تاغار پۇشايمان يۈكى ئۇسـ
تۇمدىن باسقاندەك، بوغۇزۇمغا يىغا كەپلىشىپ، گەپ ـ سۆزمۇ
قىلالمىدىم. پەقەت بولاقتىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك توختاۋـ
سىز كەلگەن يىغا، كۆز ياشلار بالامغا بولغان ئۆزرەمنى، خىـ
جىللىقىمنى، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ئىزھار
قىلىپ تۇراتتى. تىلىمغا زادى گەپ كەلمەيۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇنى
قوللىرىدىن تارتىپ، بوينىنى چىڭ قۇچاقلىدىم. كۆز ياشلىرىم
بالامنىڭ مەڭزىلىرىنى يۇدى. ئۇنى باغرىمدىن خېلىغىچە ئاجراتـ
مىدىم، ئاندىن ئورنۇمدىن يېرىم قوپۇپ، نەۋرەمنى قۇچىقىمغا
ئالدىم. يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدۈم، يالىدىم. مۇشۇ ئىزگۈ
دەقىقىلەردە ۋۇجۇدۇمدا ئۆمۈر بويى ھېس قىلىپ باقمىغان شۇنـ
داق لەزىز، شېرىن بىر سېزىم پەيدا بولۇپ، ئۆزۈمنى گويا
يېڭىدىن تۇغۇلغاندەك، باشقىچىلا خىزىر سۈپەت بىر ئادەم بولۇپ
قالغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم. چەكسىز پۇشايمان، يىغا، يېڭىدىن

بىخلانغان ئاتا ـ بالىلىق رىشتىسى روھىمدا گۇناھنى يۇيۇش، پاكلىنىش ئىستىكىنى قوزغاتقانىدى. ئى تەڭرىم، مېنى قايتا بىر ياراتساڭ، يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇش پۇرسىتى بەرسەڭ، پۇل-نىڭ، مال ـ دۇنيانىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرىدىن ئەمدى ھوشيار بولاتتىم. . . دەپ تىلىگۇم كېلەتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتۇق. ئايا-لىممۇ خېلى تۈزۈلۈپ قالغانىدى. كۈندىكىدىن خۇشال يۈرەتتى. بالام ئەخمەت ئەر ـ خوتۇن ئۆي ئىشلىرى ۋە بىزنى كۈتۈش بىلەن بەند ئىدى. نەۋرەم يېنىمغا سېلىنغان چۈشەكتە مىس ـ مىس تىنىپ ئۇخلايتتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئۆيگە سالى ئاخۇن ئەر ـ خوتۇن كىرىپ كەلدى. قىزغىن تىنچلىق سورى-شىشلاردىن كېيىن ئەر مېھمان ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىكى مەزەگە باققاچ سۆز ئاچتى:

ـــ ئەخمەت ئاخۇن بالامنى ئەمدى بۇ ئۆيدىن نېرى قىلمى-سىلا، بۇ ياشقا كەلگەندە بۇ ھالايىلىكۈمدەك چوڭ ئۆينىڭ ھۆددى-سىدىن ئۆزلىرى چىقالمايلا، ئادەم دېگەننىڭ جېنى ھەسەن كۈ-لىدا باغلاقلىق ئەمەسكەن، كېسەل بولۇپ قالىدىكەن، بۇ قېتىم ھەر قايسىلىرىنى خۇدايىم ساقلىدى.

ـــ شۇنداق، يەيدىغان رىزقىمىز باركەن، بىرىنچىدىن خۇ-دا، ئۇنىڭدىن قالسىلا ئۆزلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن جېنىمىز ئامان قالدى. بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار، ـــ دېدىم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

ـــ ياقەي، خۇدا قوشقان قوشنىلار تۇرساق، قاراپ تۇرى-مىزمۇ؟

شۇ ئارىدا يېنىمدىلا زاكىداپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان نەۋرەم زىغىرىنىپ كېرىلىپ ئويغاندى ـ دە، قىقىراپ يىغلاشقا باشلى-

دى. كېلىنىم ئوچاق بېشىدا تاماق ئېتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى، قوللىرى خېمىر يۇقى ئىدى. بالىنى ئايالىم كېلىپ قۇچىقىغا ئېلىپ ئەللەيلەشكە باشلىدى.

— نەۋرە دېگەن باشقىچە ئۇز كۆرۈنىدۇ - ھە ئادەمگە، — دېدى سالى ئاخۇننىڭ ئايالى باھارخان سېمىز، بۇدرۇق چوڭ بولغان نەۋرىمىزگە زوقلىنىپ قاراپ. ئايالىم قىقاسلاپ يىغلاۋاتقان بالىنى پەس قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتـ قاچقا، ئۇنىڭ سوئالىغا مەن جاۋاب بەردىم:

— ئىلگىرى بىلمەيتتىكەنمەن، نەۋرە دېگەن بەك تاتلىقـ كەن، خۇددى بانكىدا قويغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىدەك. تەشكىل بەرگەن مۇكاپات پۇلىدەك تاتلىق تۇيۇلىدىكەن، ئادەمنى بەك خۇشال قىلىۋېتىدىكەن، — گېپىمدىن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈـ لۈشتى. ئاشخانا ئۆيدە تاماق پىشۇرۇۋاتقان كېلىنىم خىلىغىچە تېلىقىپ كۈلگىنىدىن ئۆزىنى توختىتالمىدى.

— توغرا دېدىلە، — دېدى سالى ئاخۇن، — كونىلار «بالاڭنى كۆر، جىيەنىڭنى كۆر» دېگەنىكەن، بۇ نېمىدېگەن گەپتۇ دەپ بىرىدىن سورىسام ئۇ كىشى «بىر ئادەم تەگرىگە: ئى خۇدا، جان دېگەن شۇنداق ئەزىز، قىممەتلىك نەرسىكەن، ئۇنى بەرسەڭ ھايات ياشايدىكەنمىز، ئېلىۋالساڭ ئۆلۈپ توپا - تۇپراققا ئايلىـ نىپ كېتىدىكەنمىز، ماڭا رەھىم قىلىپ ئاشۇ جان دېگەن نەرـ سىنى بىر كۆرسەتسەڭ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. شۇئان تەگرىدىن ‹بالاڭنى كۆرسەڭ جىيەنىڭنى كۆرگەن بولىسەن› دېگەن سادا كەپتۇ» دېدى. دېمىسىمۇ شۇ، ئادەم ئاتا - ئانىغا چىدايدۇ - يۇ، لېكىن بالىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا پايلىغىلى بولمايدىكەن. بىرەر - ئىككى كۈن كۆرمىسەڭ، خۇددى نەشە خۇمارى تۇتقانـ

دەك ئادەمنى سېغىنىش قىينايدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ هازىر ئەخمەت ئاخۇننى كەتكۈزۈۋېتىش خىياللىرى يوقتۇ - هە؟

— يوغسۇ، ئۇنى بۇرۇن ئۆزۈم باقماي، ئۆندە ئىش قىپتىكەنمەن، هازىرغا كەلگەندە بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مۇشۇنداق ئەسقېتىشىنى ئويلىماپتىمەن. ئەمدى ئۇنىڭ هەم ئانىسىنىڭ ئالدىدا بەك خىجىللىقتا قالدىم دېسىلە. نەچچە كۈندىن بېرى بىزنى باقتى، هېچ ئاداۋەت تۇتقاندەك ئەمەس. خۇدا بالىمىزنىڭ كۆڭلىگە يەنىمۇ ئىنساپ بىرەر. هازىردىن باشلاپ قولۇمدىكى هەممە ئىشنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزىمەن. سىرتتىكى ئالغۇ - بەرگۇ ئىشلىرىنى بېجىرىش، نەق - نېسىينى يىغىش ئىشىنى ئۆزى بېجىرسۇن، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالىدۇ، — دېدىم نەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈككەن پىلانلىرىمنى ئاشكارىلاپ. مۇشۇلارنى دەۋېتىپ گويا دەشتتە ئېزىپ قالغان يولۇچى داغدام يولنى تېپىۋالغاندەك، ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ يەڭگىللەپ قالغاندەك، كۆڭلۈمدىن غەم - ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ياخشى ئويلاپلا، — دېدى سالى ئاخۇن پىلانىمنى تەستىقلاپ، — ئەسلىدە ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ. بەزىدە تاپقان - تەرگەننى ئۆزۈڭلا تەسەررۇپ قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن - بالىغا قالىدۇ. بۇ ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت. مۇبادا مۇشۇ بالا بولمىغان بولسا قانداق بولار ئىدىكىن، پۇللىرىنى كىملەر بۇزۇپ چاچاتتىكىن؟

سالى ئاخۇن يەنە قوشنىدارچىلىقنىڭ بۇرچى، سالامەتلىكىمنى ئاسراش ۋە بالىلار توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلىدى. مەن ئارىدا «ئەمدى تىجارەتكە ماڭمايدىغانلىقىمنى، ئايالىم بىلەن ئۆيدە ئىبادەت قىلىپ گۇناهلىرىمنى يۇيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ

ئۇنى خاتىرجەم قىلدىم. راست دېگەندەك ئەنە شۇ كۈن مېنىڭ تۆۋە ئىستىغپارنى باشلىغان، دىيانەت، ھىدايەتكە قەدەم باسقان تۈنجى كۈنۈم بولۇپ قالدى. ئەي تەڭرىم، مەندەك گۇناھكار بەندەڭنى كەچۈرگەيسەن، شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن ساقلىغايسەن.

# ئىبرەت ئۈچۈن

زىچقىنا ئاھالىلەر ئۆيلىرى جايلاشقان كۆجۈم مەھەللىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن تار كوچىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىد-دىكى «يېڭىباغ» ئاھالە كومىتېتىنىڭ كەڭرى قورۇسىدا، تاڭ سۈزۈلگەندىن بېرى ئىشسىزلىق نەپىقىسى ئېلىش ئۈچۈن تىزىم-لاتقىلى كەلگەن يۈزچە ئەر - ئايال ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇ يەرگە كېيىنرەك كەلگەنلەر ۋە سەپتە تۇرۇپ زېرىككەنلەر ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرى سۆ-گەتنىڭ سايىسىدە ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى تىزىملاش ئورنىدى-كى ياش ئەر خادىم نۆۋىتى كەلگەن 25 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، ئىككى زۇلفى ساغرىسىغا چۈشكەن خۇشچىراي خېنىمدىن.

— جەرىمانىخان! دادامنىڭ ئىسمى مەمتىمىن، — دېدى ئايال خىجىل بولغاندەك قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— نېمە دېدىڭىز؟ قايتا بىر دەڭە، — سورىدى ياش خادىم تەئەججۈپىنى باسالماي.

— جەرىمانىخان دېدىمغۇ شۇ، ئاتام ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىم، — ئايال سەل رەنجىگەندەك تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى.

تىزىملىغۇچى جەرىمانىخاننىڭ چىرايىغا خېلىغىچە ھەيران-لىق نەزىرىدە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىچىدە بىر نېمىلەرنى

دەپ غوْدوْرىغىنىچە ئوْز ئىشىغا توْتوْندى. ئەتراپتىكىلەردىن ئوْنى توىوْمايدىغانلارموْ بوْ ئىسىمغا بولغان ئەجەبلىنىش، ھەيرانلىقلى-رىنى ئىپادىلەپ غوْلغوْلا قىلىشماقتا ئىدى.

— ئىسمىڭىز تولىموْ غەلىتىكەن، چىراي - توْرقىڭىزغا پەقەت ماس كەلمەپتوْ. چىرايلىق ئىسىملار شوْنچە كوْپ توْرسا ئاتا - ئانىڭىز نېمىشقىموْ موْنداق قوْلاقىا موْشت ئوْرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ئىسىم قويغان بولغىيتتى؟ — دېدى جەرىمانىخانى-نىڭ كەينىدە نوْۋەت كوْتوْپ توْرغان، يوْزىنى ياغلىق بىلەن يوْگىۋالغان غوْنچە بوي سېمىز ئايال.

— غەلىتە بولىسىموْ مەيلىغوْ. لېكىنزە، ھازىرقى كوْندە كىشىلەر جىن - ئالۋاستىنى ئوْچ كوْرگەندەك يىرگىنىدىغان، دېھقان، ئوقەتچىلەرنى ئوْي - جاي روزىغارىدىن، خاتىرجەملى-كىدىن مەھروْم قىلغان ئاشوْ جەرىمانە دېگەن ناكەس قىلىقنى ئىسىم قىلىپ قويىۋالغىنى نېمىسى؟ — دېدى ھېلىقى خېنىمغا سوْڭدىشىپلا توْرغان، ئوْشىنىسىگە سومكا ئېسىۋالغان، كىيىملى-رى نىمكەش، چېھرىدىن غەم - غوْسسە ئالامەتلىرى چىقىپ توْرغان، ئاپئاق يوْزلىرى تاتىراڭغوْ، 40 ياشلاردىكى ئايال بې-شىنى چايقاپ.

— بىزدە چىرايلىق نام - ئىسىملار ساماندەك تولا. موْبادا ئىسمى ئوْزگىچە بولسوْن دېگوْسى كەلسە، يوْلتوْز، ئىپار، كاككوْك، زوْھرە، رىزۋان دېگەندەك ئىسىملارنى قويسا بولىدوْغوْ؟ — دېدى ئاياللارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ توْرغان 30 ياشلاردىكى، كوچا سوْپوْرگوْچىلەرنىڭ تازىلىق كىيىمىنى كىيى-ۋالغان ئوْڭى قارىراق يىگىت قولىدىكى ياغاچ دەستىلىك سوْپوْر-گىگە تايىنىپ توْروْپ.

— ھوْكوْمەت توساپ توْرسىموْ ئوغرىلىقچە توْغوْپ، ئاندىن

جەرىمانىگە چىدىيالماي، ئۇ بالىسىنى بەش مىڭ كويلۇق غوجام، تۆتمىڭ كويلۇق خېنىم دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار، تېخى، — دېدى يەنە ناتونۇش بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ.

جەرىمانىخان ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلىرىنى گويا ئاڭلىمىغاندەك بىر تەرىزدە ئۇدۇلدىكى نېمىدۇر بىر نەرسىگە تىكىلىپ قاراۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ شۇنچە خىرامان، شۇنچە بىنەزەر تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن كۆڭۈل پازىسىدا بىر چاغلاردا دادىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا نېمە ئۈچۈن «جەرىمانىخان» دېگەن ئىسمىنى قويغانلىقىنى چۈشەندۈ-رۈپ دېگەن ھېكايىسى ئايان بولماقتا ئىدى. . .

※. ※ ※

— بۇ زادى قانداق ئىسىم؟ ! — سورىغانىدى جەرىمانىخان-دىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تىزىملاتقان كۈنى ئۇنى قوبۇل قىلغان ئوقۇتقۇچىمۇ بوگۇنكىدەك ئىدىتلاپ.

— ئۆيدىكىلەر شۇنداق قويۇپتىكەن. . . ئەمدى . . . .

ئوقۇتقۇچى ئەستايىدىل - مەسئۇلىيەتچان كىشى بولسا كې-رەك، ئۆزى ياقتۇرمىغان بۇ ئىسىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ يەنە ئېغىز ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى مۇشۇنداق قىلىشقا ھەقلىق دەپ ئويلايتتى، بۇرۇنمۇ بەزى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غەلىتە ئىسىملىرى-نى ئۆزگەرتكەنىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىڭىز چىنارخان ياكى چىنىگۈل بولسۇن، «جەرىمانىخان» دېگەن ئاتاشقىمۇ شۇنچە سەت، كۆ-ڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىسىم ئىكەن.

— ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا مۇئەللىم، دادام رەنجىپ قالىد-

دۇ. ئىسىم دېگەن قانداق بولسا مەيلىغۇ، مەن يا بىرەركىمدىن جەرىمانە ئالمىغاندىكىن.

ئوقۇتقۇچى قىزنىڭ شىددىتىدىن، قىلغان سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى ھەم خاپىمۇ بولدى:

— داداڭ ساراڭ ئەمەستۇ سېنىڭ! قاراپ تۇرۇپ بىر ئۆز قىز بالىغا جەرىمانىخان دەپ ئىسىم قويغىلى؟ ئۇ بۇ ئىسىمنى بەك ياخشى كۆرسە ئۆزىگە قويۇۋالسۇن، ماڭ، بار، ئاشۇ ئەخ-مەق داداڭنى قىچقىرىپ كەل. ئوقۇرمەن بولساڭ بۇ ئىسمنى ئۆزگەرتمىسەڭ بولمايدۇ.

جەرىمانىخان دادىسىنى قىچقىرىپ كەلگەندە ھېلىقى ئوقۇت-قۇچى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەمتىمىنئاخۇن ئۇ-لار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن قىزى-نىڭ ئىسمىنى «جەرىمانىخان» قويغانلىقىنىڭ نېمە ۋەجىدىن بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇنۇلارنى دېگەنىدى:

— جېنىم، مۇئەللىم، بىزنى مۇشۇنداق ئىسىمنى ياقتۇ-رىدۇ دەملا، ياق! قويىلى دېسەك چىرايلىق نام - ئىسىملار تولا. بىر - بىرىدىن چىرايلىق، دېسىلە. ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئىسىم - سۈپىتىنى قويساقمۇ بولىدۇ. بۇۋىخەلىچە، پاتىمە، زۆھرە دېگەندەك، لېكىنزە، بۇ بالا تۇغۇلغان چاغدىكى كېلىش-مەسلىك - دىشۋارچىلىقنى دېمەيلا قوياي. راستىمنى دېسەم، بۇ ئىشلارنى ئەسلىگۈممۇ يوق. خۇدايىم بۇنداق ئېغىر كۈننى ھەرقانداق بەندىسىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن، ئىگەكىم. سىلىمۇ بىلىلا مۇئەللىم، بىز ساۋاتسىز خەق. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيمىز. ئاڭلىغانغا ھەممىسى قولاقتا تۇرمايدىكەن شۇ. ئاشۇ ۋاقىتتىمۇ دېھقانلار ئۈچ بالا يۈزى

كۆرسە بولىدۇ، دېگەن پەرماننى ئاڭلىغان، تىلخەت بېرىپ قول-
مۇ بېسىپ بەرگەن. ئەمما - زە، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئايال
قورساق كۆتۈرۈپ قالدى - دە، بەندىدە نېمە ئامال. بولمىسا،
جاھان خالىمىغان بالىنى ئارزۇ قىلاتتۇقمۇ؟ كىمنىڭمۇ بېشىغا
بالا تېرىۋالغۇسى بار؟ ئەمدى خۇدا ياراتقان بەندىنىڭ پۇشتىكەن،
رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ - دە! بىرى زىيادە بولۇپقالغانغا جاھان
تارلىق قىلامتى؟ ئېغىرىنى باشقىلار كۆتۈرۈشۈپ بەرمىگەندىن
كېيىن بۇنچە قىلىپ كەتمەس، دەپتىمىز. دېمىسىمۇ خۇدا يارات-
قان بىر ئىسسىق جاننى ئۆز قولۇڭ بىلەن نابۇت قىلىش بىر
دادا بىلەن ئانا بولغۇچىنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ؟ بىز بىر ئىن-
سان، يەنە كېلىپ ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان تۇرساق. ئېيتسىلا
مۇئەللىم، سىلى شۇنداق قىلالامىلا. ھېچكىمنىڭ گۇناھكار بول-
غۇسى يوقتە. ئاخىر ئايالنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقاندا ئۇنى
جامائەتنىڭ، تەشكىلنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن بالا
تۇغۇلغان ھامان باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئەل - جاما-
ئەت ئالدىدا «بالا ئۆلۈپ كەتتى» دەپ ئىشنىڭ ئاياغ - ئۇچىنى
يىتتۇرمەكچى بولدۇق. ئايالنىڭ كۆزى يورۇغاندىن كېيىن دې-
يىشكىنىمىز بويىچە تۇغقانلار بالىنى ئانىسى بىلەن «ئارىكۆل»
گە ئەكىتىپ شۇ يەردە باقتى. بىز مەھەللىنىڭ ئىمام - مۇئەز-
زىنلىرىگە يالۋۇرۇپ، چاي بېرىپ دېگەندەك ئۇلارنى يالغان دەپنە
ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە كۆندۈردۇق. يەرلىككە ئەسكى -
تەسكىنى يۆگەكلەرنى يۆگەپ دەپنە قىلدۇق. كىشىلەر گۇمان
قىلمىغاندەك ئىدى. ئەمما كىم بىلسۇن، ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەي
قىلغان - ئەتكەنلىرىمىز پاش بولۇپ، كەنت ئۆرە - تۆپە بولۇپ
كەتتى. ئۆيدىن كادىر ئۈزۈلمەي نەچچە كۈن تەكشۈرۈلدۇق.
ھەي، موللا دېگەنمۇزە، ئاپتاپپەرەستەك بىر - نېمىكەن. بىز-

نىڭ بەرگەن چاينى ئاز كۆردىمۇ، نېمە ئويلىدى، ئۆزى قول سېلىپ قىلغان ئىشنى ئەنە شۇنداق بۇزدى، دېسىلە. باشتا ماقۇل دېمىگەن بولسا، دەردنى بىراقلا تارتىپ ئۇزۇلۇشمەسمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزگە «پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەن، ھۆكۈمەتنى ئالدىغان» دەپ قوش جازا بەردى. نەق يەتتە مىڭ كوي جەرىمانە تۆلەيدىغانغا پەرمان چۈشتى. مانا، بالىغا تويە - تويي، دېدى - دە ئۇلار. مۇبادا ۋاقتىدا تۆلىمىسەم ئۆيۋاقا، تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئازغىنا يەر دېگەندەك نەرسىلەرنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سىلە بىلىلا مۇئەللىم، ھازىر بىزدەك دېھقاندا يەتتە مىڭ كوي نېمە قىلسۇن؟ ئۆمرۇمدە ئۇنچىۋالا پۇلنى بارماقلاپ ساناپ باققان ئادەم ئەمەسمەن. يا ئۆيدە ئارتۇق - تۆشۈك ساتا - ساتقۇلۇق بولمىغاندىكىن، خۇدايىتائالادىن بۇدىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىپ يىغلىدۇق. ئەسلىدىغۇ ھۆكۈمەتنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئىشنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەستىم. قارا باستىمۇ نېمە بولدى ماڭا، كۆز ئالدىمىزدا ئۇيەر - بۇيەردىن كەلگەن مۇساپىر كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياپ خوتەندە بىر، قەشقەردە بىر، ئاقسۇدا بىر بالا تېپىپ دېگەندەك يۈرگەندىكىن، بىزگىمۇ بىر گەپ بولار دەپتىكەنمىز ئەمدى. ئاخىر بىر ئائىلىلىك ئادەم ئۆي - ماكانسىز - كوچىدا قېلىپ، سەرسان - سەرگەردان بولمايلى دەپ قەرزگە ئالغان موزايلىق كالا بىلەن ئېشەكنى ۋە باشقا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ مىڭ تەستە ئۈچ مىڭ كوي غەملەپ جەرىمانىگە ئۆتكۈزگەچ تۇردۇق، ئادەتتىغۇ ئىشىك ئالدىمىزدىن يىرىگنى سۇغۇرمىدىڭ، كېۋەزنى ۋاقتىدا ئۇتىمىدىڭ، بالاڭنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدىڭ دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن جەرىمانە سۆيلەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. لېكىن

بۇندىقىنى بىر ئىلاج قىلىپ ياكى بىكارغا ئىشلەپ بېرىپ قۇتۇلىمىز. ئەمما بۇ جەرىمانىزە، يىلىكىمىزنى قۇرۇتىۋەتتى ئەمەسما! ئۆيىمىز چاشقان يامانلاپ چىقىپ كەتكۇدەك ئەھۋالدا قۇرۇقدىلىپ قالدى. قالغىنىنى يىل ئاخىرىغىچە تۆلەپ بېرىدىغانغا تىلىمدىن ھۆججەت بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇم. شۇ كۇنلەردىكى ھال ـ كۇنۇمنى بىر خۇدا، بىر ئۆزۈم بىلىمەن. بىر بالا ئۇچۇن ئىتنىڭ كۇنىنى كۆردۇم دېسەم بولىدۇ. گاھى كۇنلىرى ئايالىم ماڭا دېمەيلا يۇزىگە رومال ئارتىپ ئەڭ ئۇياتلىق بولغان تىلەمچىلىككىمۇ چىقىپتۇ.

دېسەم گەپ جىق، مۇئەللىم. مۇشۇ بالىنى ساقلاپ قالىمىز دەپ جەرىمانە تۆلەشتىن سىرت يەتكۇچە دەككە ـ دەشنام، ئاھانەت ئاڭلاپ، يوقسۇزچىلىق تارتىپ ھېلىمۇ ئۆلۈپ قالمىدۇق. خۇدايىتائالا بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ قارا قىسمەتنى باشقا بەندىسىنىڭ، بولۇپمۇ مەندەك نامرات دېھقاننىڭ بېشىغا سالمىسۇن، دەپ تارتقان جاپالىرىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىق ئۇچۇن، ئۆيدىكى قوشناچىمىنىڭ يەنە مۇشۇنداق جېدەل ـ ماجىرالىق بالا تۇغۇپ قويماسلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىسمىنى «جارىمانخان» قويغىنىمىز بوپتىكەنمۇ ـ بولماپتىكەنمۇ؟ دەپ باقسىلا. «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر» دەپتىكەن. بىز ئاشۇ چاغلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز دېسىلە. راستىنى دېسەم، مۇئەللىم، بالىنىڭ ئىسمىنى جەرىمانىخان قويۇشۇمدا ئائىلىمىز ئۇچۇن، ھەم يۇرت ـ مەھەللە ئۇچۇن ئىبرەت بولسۇن دېگەنى ئويلىغانمەن. بولمىسا، بىزنىڭ ئايالىرىمىز ھېلىغىچە كۇننىڭ ئۆزىدا ئىككىنى، قىسقىسىدا بىرنى تۇغۇۋېرەتتى دېسىلە. شۇڭا جەرىمانىخان دېگەن ئىسمنى ھەرگىز ئۆزگەرتىۋەتمىسىلە، ماقۇلما! بۇ ئىسىم مەھەللىنىڭ تاملىرىنى «ئاز تۇغۇڭلار» دەپ

بويىچە تەكەندىن كۆرە كۆپ ئەھمىيەتلىك. ئايالىرىمىز جەرىمانىخانىنى كۆرسە ياكى ئىسمىنى ئاڭلىسا، پىلاندىن ئارتۇق قورساق كۆتۈرۈپ بىزدەك كۈنگە قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ ئەمەسمۇ؟
مۇئەللىم قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئۆز ۋىندىن ئۆزۈن ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بىردەمگىنە جىمىپ قالدى ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئىشخانىدىكى تىزىملاش جەدۋىلىنى ئاچىقىپ، نۆۋەتتىكى گىرافىغا «جەرىمانىخان مەمتىمىن» دەپ يازدى ـ دە، ـ رەھمەت سىلىگە، ئاۋارە قىلدۇق، — دەپ مەمتىمىنئاخۇننى ئۇزىتىپ قويغانىدى.

※ ※ ※

جەرىمانىخانىنىڭ خىيال يىپلىرى ئۈزۈلۈپ ئېسىگە كەلگەن چاغدىمۇ ئەتراپىدىكى تىزىملاش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغانلار غەلىتە ئىسىم توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرىنى تېخىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:
— بالىسىغا غەلىتە ئىسىم قويۇدىغان ئىشلار ئەزەلدىن بار، — دەپ سۆز ئاچتى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكۈلگەن شېغىل دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەنجان دوپپا كىيگەن، كەكە ساقال، ياغاق يۈز كەلگەن 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان يۈسۈپ دوپپىچى دېگەن ئادەم ئوچۇمىدىكى شېخىللارنى ئوينات تۇرۇپ، — بىزنىڭ مەھەللىدە زەربىنىساخان دېگەن بىر ئايال بار، ھازىر ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مەمەتئابلا بەگ ھاجى ئۇقۇمۇشلۇق بىر مۆتىۋەر ئىدى. بىر نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. 1958 ـ يىلى بولسا كېرەك، سۇخەنچى ـ چېقىمچىلاردىن بىرى: «ھۆكۈمەتكە قارشى نەزمە

تۇزدى» دەپ ساقچىغا چاققان چېغى، بىر كۈنى ئۇ كىشىنى هايال ئۆتمەي تۈرمىگە ئەكىرىپ كەتتى. «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك دەل ئاشۇ كۈنى ئايالى يەتتىگىچ بىر قىز تۇغۇپتۇ. ئەتىسى تۇغقانلىرى تۈرمىگە كىرىپ ئۇ كىشىدىن بالىغا قانداق ئىسىم قويۇشنى سورىغاندا «زەربىنىساخان» بولسۇن، دەپتۇ.

بالىغا بۇنداق ئىسىم قويۇشتا ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلمەيمىز. ھەرھالدا ناھەق تۈرمىگە كىرگەنلىكىگە قورسىقى كۆيۈپ، ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ، دېگەن قىياسقا كەلدۇق. ئىچى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ مىجەزى ئاشۇنداق بولىدۇ. قورساق كۆيۈكىنى چىقىرىۋالمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ. بەگ ھاجى تېخى ئۆزىنى يۇقىرىغا چىقىپ ناھەق سولاتقانلارنى سۆكۈپ مۇنداق بىر نەزمىمۇ تۈزۈپتىكەن:

چېقىمچىنى يوقاتقىن خۇدا،
ئۆلتۈرمەستىن ئايلاندۇر تاشقا.
بىزدىن بۇرۇن ئالدىڭغا بارسا،
بالا بولۇر بىزنىڭ بۇ باشقا.

بۇ رەھمەتلىكنى ئون يىللاردىن كېيىن ھۆكۈمەت گۇناھسىز، دەپ ئېلان قىلىپ قويۇۋەتتى. ھەتتا سىياسىي كېڭەشكە ھەيئەتمۇ قىلدى. ئۇ تاكى ۋاپاتىغىچە تارىخ پۈتۈپ، نەزمىچىلىك قىلىپ، ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. خۇدايىم جايىنى جەننەتتە قىلسۇن رەھمەتتىنىڭ، بەك ئوچۇق ئادەم ئىدى.

يۇسۇپ دوپپىچىنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خىزمەت ۋاقتى توشۇپ تىزىملاش توختىدى ـ دە، كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ تاراشقا باشلىدى. غەلىتە ئىسىم توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلدى.

# ياشلىق ــ بەخت

لېرمونتوۋ «بەخت دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا «بەخت ــ قانائەتلەنگەن مەغرۇرلۇقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەندى. دېمىسىمۇ ئىنساننىڭ ماددىي تەلەپلىرى، روھىي ئىستەكلىرى قانائەت تاپسا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدۇ، ھاياتىدىن چوڭقۇر مەنە، شاد ـ خۇراملىق، رازىمەنلىك ھېس قىلىدۇ، كەلگۈسى تۇرمۇشىمۇ ئۆمۈر قىممەت قارىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمىدە تەلەپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۈندىلىك تۇرمۇشى ئاچ ـ زارلىقتا، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن ئادەم ئۆزىنى بەختلىك چاغلىيالمىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. يەنە كېلىپ «بەخت» دېگەن ھاجىتى چۈشكەندە بالا ـ چاقام مەن ئۆلگەندە تەسەررۇپ قىلار دەپ، ئاتا ـ ئانىلار مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن تەييار مال ـ دۇنيامۇ ئەمەس. ئۇ گويا غەۋۋاس ئۆلۈم خەۋپىگە تەۋەككۈل قىلىپ چوڭقۇر دېڭىز تەكتىدىن ئۈنمىد، سەۋر ـ تاقەت، چىدام بىلەن بىر ـ بىرلەپ سۈزگەن ئۈنچە ـ مارجان تۈپىغا ئوخشايدۇ.

ھايات ساھىلىدىكى تىرىكچىلىك مۇشەققىتى، تۈرلۈك مۇشكۈلاتلار، جاننى قاقشاتقان رەقىبلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، شۇ يولدا يىقىلىپ ـ قوپۇپ، گاھىدا جاننى بەدەل قىلىپ قازانغان شان ـ زەپەرلىرىڭ، ئەقىل ۋە ھالاللىق بىلەن ھاياتىڭدا خاتىرجەم ئاسايىشتا ئۆتكۈزگەن چاغلىرىڭ، ئەل ـ

يۇرت غېمىدە قىلغان ئىزگۈ ئىشلىرىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغلار ۋە ئاتا ـ ئاناڭ، دوست ـ يارانلىرىڭ تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان ئالقىش ـ رەھمەتلەر، چىن دىلدىن سۆيگەن يارىڭ بىلەن ۋىسال تاپقان مىنۇتلار. . . مۇشكۇل ئۆزۈن سەپەردىن كېيىن مەنزىلگە يەتكەندە ئالغان دەم لەززىتى، رېئاللىققا ئايلانغان ئارزۇ ـ ئارمان شادلىقى، قىسقىسى، ئوقۇتقۇچىنىڭ توغرا جاۋابقا بەرـ گەن 100 نومۇرىنىڭ شەرىپى . . . قاتارلىق جۇزئىي نەتىجىلەر قوشۇلۇپ ئىنسان بەختىنى تەشكىل قىلىدۇ.

هايات سەپىرىمدە بەخت ۋە بەختسىزلىكتىن تېلىقىپ كۆلـ گەن، خۇشاللىقتىن تېرەمگە سىغماي سۇتلۇك قوينىڭ قوزىسىـ دەك قىيغىتىپ سەكرىگەن چاغلىرىم بولغان. لېكىن، مېنىڭ پانىي ئالەمدە ئېرىشكەن بۇ كىچىككىنە بەختىممۇ خۇددى قەلەنـ دەرنىڭ كوچا ـ كوچىمۇ، ئۆيمۇ ـ ئۆي دوقۇرۇپ يۇرۇپ تاپقان پارچە ـ پۇرات نېنىدەك ناھايىتى تەستە قولغا كەلگەن. ئاشۇ لەننىتى تۇرمۇش يولىدىكى سىراتەل مۇستەقىمدىن بىخەتەر ئۆتەـ مەن دەپ تەمتىرىگەن، ئازغۇنلۇققا ئۇچراپ ھەسرەت چەككەن، مۇھەببەت كۆكىنىڭ راھەت ـ پاراغەتخانىسىدىن تەھتى سىراغا بىراقلا موللاق ئېتىپ، مەھكۇملۇقتا ئازابلانغان، دەۋر ئەلگىـ كىدە ئۇيان ـ بۇيان تاسقىلىپ خورلانغان، دەرد ـ ئەلەمدىن تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم سىنەمدە مەڭگۈ يۇيۇلماس داغ بولۇپ قالغان چاغلىرىممۇ ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان. مېنىڭ بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋالىم ئېھتىمال بەخت بىلەن بەختسىزلىك، ۋىسال بىلەن ھىجران، پايدا بىلەن زىيان. . . دېگەنلەرنىڭ ئەزەلدىن ئىنسانلار تەقدىرىدە نۆۋەتلىشىپ رول ئالىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ خۇددى قايسى بىر ئارتىسنىڭ سەھنىدە ھاياـ

جان بىلەن ئېيتقان:

خۇشاللىق بىلەن قايغۇ
ئەزەلدىنلا ئىكەن قوشماق.
ئۈمىدنى دىلغا يار قىلماي،
ئەجەب مۈشكۈل داۋان ئاشماق.

دېگەن ناخشىسىدا ئىپادىلەنگەنگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. دېمەك، شۇنداق ئىكەن. مېنىڭ ھاياتتىكى ئامەت - بەختىم بىلەن مەغلۇبىيەت - تەلەيسىزلىكىم خۇددى يول ماڭغان چېغىمدا ئىككى پۇتۇم ئالمىشىپ قەدەم ئالغاندەكلا توختاۋسىز نۆۋەتلىشىپ تۇردى. ھاياتىمدا ھەسەت - كۆرەلمەسلىكنىڭ جۇت - شىۋىرغانلىرىدا مۈزلىدىم؛ قاچانكى ھالال ئەجرىم بەدىلىگە كەلگەن قۇت، غەلىبىدىن شادلانسام، ئازدىن كېيىنلا تۆھمەتنىڭ تاش بورانلىرىدا ئۇرۇلۇپ - چوقۇلۇپ زار - زار يىغلىدىم. سادادەت، پاك سۆيگۈ ۋەجىدىن كۆڭۈل ئەسىرلىكىگە چۈشكەن ماھى تابان بىلەن بىر دەقىقە ۋىسال تاپسام، ئارقىدىنلا ئەسىرلەپ ھىجران چۆلىدە تەشنالىقتا قىينالدىم. ئەنە شۇنداق چاغلاردا تەقدىرىمدىن زارلاپ يازغان بىر كۇپلېت نەزمە ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ:

كۆتۈپ بەختىمنى ئاي - يىللاپ، بولۇپتۇرمەن دىلىم خەستە،
رىيا بىرلە رەقىبىم كۆكتە، مەن بولسام ھامان پەستە،
زاماندىش يارۇ دوستتىن كۆرمىدىم زەررىچە،
ئادالەتكە خېرىدار ئاز، بۇ گەپنى ساقلىغىن ئەستە.

ئەمما، بۇ چاغقا كەلگەندە ــ قىرىغاندا «خۇشاللىق ئۇنتۇ-
لار، ھەسرەت ھېچقاچان ئۇنتۇلماس» دېگەندەك ھايات مۇساپى-
سىدىكى ئاشۇ ئىزگۇ يالدامىلار، ئەل ئارا شاد - خۇراملىققا
يار بولغان قىممەتلىك مىنۇتلاردا يار تەقدىم قىلغان ئانىنىڭ
مېھرىدەك ئىسسىق ۋە تاتلىق تەبەسسۇملار، نەۋ باھارنىڭ جەلپ-
كار ھۆسنى ھەدىيە قىلغان گۈزەل تەسىراتلار، سېخى تەبىئەت-
نىڭ ئىنسانلارغا ئاتىغان ھەممە مەئىشەت - شېرىنلىكلىرىدىن
كەلگەن لەززەتلەر. . . ھەممىسى ــ ھەممىسى ئۇنتۇلدى،
ھەتتا ھايات يولۇمدا ماڭا نېسىپ بولغان پۇتكۈل بەخت - خۇۋ-
لۇقلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق جاپا - مۇشەققەتلەر،
قارغىش - لەنەتلەر، دەرد - ئەلەم، ھەسرەتلەرمۇ خۇددى ئاي
شولىسىنىڭ تىنچ سۇدىكى جىلۋىسىدەك ئاستا - ئاستا يوقاپ،
ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى؛ پەقەت ئىككىلا ئىش ئۇنتۇلمىدى.
يەنى، ئاشۇ جۇشقۇن نۆۋەر ياشلىق چاغلىرىمنىڭ بىر قۇتلۇق
پەيتىدە قولغا كەلتۈرگەن، ئۆتكەن ئۆمۈر خاتىرىلىرىمنى گۈزەل
نەقىشتەك بېزەپ تۇرغان ئىككى قېتىملىق غەلىبە ــ رەقىب
بىلەن ئېلىشىپ قۇچقان زەپەر زادى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەي
كەلدى.

ئۇنىڭ بىرى، ئون سەككىز ياش چاغلىرىمدا زۇرۇر بىر
ئىش ۋەجىدىن يىراق سەپەرگە ئاتلاندىم. يولنىڭ كۆپ قىسمى
چۆللۈك ئىدى. تومۇز كۈنلىرى بولغاچقا، كېچىسى يۈرەي دەپ
ئېزىپ قالدىم. چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئىچىدە نەگە ماڭارىم-
نى، نەدىن كەلگەنلىكىمنى پەرق قىلالمايتتىم. مۇئەللەقتە ئې-
سىلىپ تۇرغان قۇياشنىڭ قاياقتىن چىقىپ، قاياققا پېتىشىنىمۇ
بىلگىلى بولمايتتى. نىشانسىز ھالدا يىقىلىپ - مۇدۈرۈپ مىنۇ-
تىغا ئاران بىرەر قەدەم ئېلىپ سەپەرنى داۋام قىلاتتىم. ئۇس-

سۇزلۇق بارغانسېرى دەرمانىمنى قۇرۇتۇپ باراتتى. شۇ تاپتا يىقىلساملا مۈگىدەك بېسىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەزرائىل يېنىمدىلا ئەگىپ يۈرەتتى. گاھى ئالدىمدىن كەسلەنچۈك، سىرتلان، يىلانلار «غىر» قىلىپ ئۆتۈپ، يىراقتا جىمىرلىغان ئالۋۇنلار كۆزۈمگە يامراپ كېلىۋاتقان كەلكۈن سۈيىدەك كۆرۈنۈپ، كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچ، ئەنسىزلىكنى كۈچەيتتى. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئاخىر كۈچىنى كۆرسەتتى. يىقىلدىم، ئەمدى تېنىمدە قايتا ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك جانىنىڭ يوقلۇقىغا تەن بېرىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتتىم. لېكىن ئەزرائىل يېنىمغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا خىيالىمغا «چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە» رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئالېكسىي مىرسىيۇنىڭ پۇت - قوللىرى سوغۇقتىن ئۈششۈگەن، ئايروپىلاندىن سەكرەپ تېنى زەخمە يېگەن، نەچچە كېچە - كۈندۈز ھېچ نەرسە يېمىگەن - ئىچمىگەن ئەھۋالدىمۇ ياشلىق، كەلگۈسى غايە، گۈزەل كېلەچەككە بولغان ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىر غېرىچ - بىر غېرىچتىن ئۆمىلەپ - دومىلاپ ئىلگىرىلەپ مەنزىلگە يېتىش ئارقىلىق ھايات قالغانلىقىدەك تەسىرلىك كارتىنىلار كەلدى - دە، شۇئان ئەزرائىلنىمۇ، ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇقنىمۇ ئۇنتۇدۇم. ئورنۇمدىن قانداق تۇرغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن، يېڭى ئايىغى چىققان بالىدەك تەمتىم مېڭىپ مەنزىل — ھاياتلىق ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتىم. خېلىدىن كېيىن ئۆزۈمنى ئەتراپى سۆگەت بوستانلىق بىر كۆل بويىدا، كىشىلەر ماڭا سۇ ئىچكۈزۈۋاتقان ھالدا كۆردۈم. دېمەك، مەن ھايات قاپتىمەن. ياشلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق زوۋقى مېنى ئەزرائىل بىلەن بولغان جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپتۇ. ئەگەر شۇ چاغدا، يېشى بىر يەرگە بارغان چال

بولغىنىمدا ھايات قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

يەنە بىرى، ياش چاغلىرىمدا ئاشىق بولۇپ قالغان بىر گۈزەل رەنانىڭ مەيلىنى ئۆزۈمگە قارىتىش يولىدا قازانغان غەلىبەم، قىز مېھرى ئىسسىق، ئۇقۇمۇشلۇق بولۇپ ياخشى كۆرۈشۈمگە ئەرزىيتتى. نەچچىلىگەن يىگىتلەرنىڭ «قارىغا ئېلىش» نىشانى ئىدى. قىزنىڭ پىيىدە يۈرگەنلەر ئىچىدە يېشى قىرىقتىن ئاشقان، مەنسىپى، پۇلى بار بىر قېرى يىگىتمۇ بار ئىدى. ئەگەر بەيگىدە بەل قويۇۋەتسەم، ئۇنىڭ قىزنى ئىمتىيازىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قېرى يىگىت شەھۋانى ھەۋەس نۇقتىسىدىنلا پۇل- ئابرۇيىنى ۋاستە قىلىپ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. مەن بولسام قىزنىڭ ئىچكى- تاشقى گۈزەللىكىنى، ئىلىم- مەرىپەتنى ۋە ياشلىقنى سۆيىدىغان روھىنى ياخشى كۆرەتتىم- دە، چىن مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىم بىلەن قايىل قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايتتىم.

قېرى يىگىت بىلەن ئىككىمىز ئوخشاشمىغان مۇددىئا- مەقسەتنى چىقىش قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەتكە ئۆتتۇق. ئۇ قىممەت باھالىق تويلۇق، ياخشى خىزمەت- ئورۇن ۋەدە قىلىپ قىزنىڭ ئائىلىسىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. مەن ئۇستىلىق بىلەن پۇرسەت تېپىپ قىز كۆڭلىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇم- پۇچەك، زىبۇ- زىننەت، كىيىم- كېچەكنى ئەمەس، گۈزەل ياشلىقنى، پاك مۇھەببەتنى، تۆھپە- ئىقتىدارنى، ئىلىم- مەرىپەتنى سۆيىدىغانلىقىنى بايقىدىم ھەم مۇشۇ جەھەتلەردە كوزىر كۆرسىتىشكە باشلىدىم. مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇپ، ساۋاقداشلىرىم ئارا ئالدىنقى قاتاردا تۇردۇم، خىزمەتكە چىققاندا جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلەپ شەرەپ قازاندىم. ئۇ

نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلدىم. ھەرقانداق ئىشتا ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ لىللا ـ دۇرۇستلۇقۇمنى ئىسپاتلىدىم. ئاخىر قېرى يىگىت بىلەن بولغان بۇ بەيگىدە ئۇتۇپ چىقتىم. بۇ جەرياندا ئۇنتۇلغۇسىز رىيازەتلەرنىمۇ چەكتىم، تۆلىگەن بەدەللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. ئەمما قىزغا ئېرىشتىم.

دېمەك، ياشلىق پۇرسەت ئىكەن، تەندە كۈچ ـ قۇۋۋەت، جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇرسا، روھىيەتتە ئۈمىدۋارلىق بىلەن سۇغىرىلغان ئىرادە بولسىلا قىيىنچىلىقنى قولايلىققا، مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە، بەختسىزلىكنى بەختكە. . ئايلاندۇرغىلى بولىدىكەن. بۇ خۇددى چىڭگىزخاننىڭ ئۆلەر چېغىدا ھەسرەتلىنىپ ئېيتقان: «غەلىبە مۇقەررەرلىشىپ قالغاندا بويۇنۇڭغا شال چۈشكەندىمۇ ياشلىق ياخشى» دېگەن سۆزىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى چىڭگىزخانمۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا ياش چاغلىرىدا ئۆز يۇرتى ئۆكۈكەندە رەقىبلىرىنىڭ تۇرمىسىگە چۈشۈپ قېلىپ بويىنىغا تاقاق سېلىنغان ھالەتتىمۇ ياش ۋە ئۈمىدۋار بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرمىدىن قېچىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

. . . مەن بۇ خىيال ـ كەچمىشلەرنى بېغىمدىكى ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرىگە، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق، بويىدا يېڭى مايسا بولۇشقا باشلىغان چىم ـ قىياقلارغا، باش ئەتىيازدا ئەمدى تۇخۇمدىن چىقىپ ئانىسىنىڭ كەينىدىن چۈكۈلداپ يۈرگەن چۈجىلەرگە قاراپ ئەسلەپ قالدىم ـ دە، ئىختىيارسىز ھالدا ياشلىق چاغلىرىمنى يادىمغا ئالدىم. ئەگەر تەڭرى ماڭا يەنە بىر قېتىم ياشلىق پۇرسىتى بەرگىنىدە مۇشۇ ئىمكانىيەتلىك يېڭى دەۋراندا نى ـ نى ئىشلارنى، نى ـ نى مۆجىزىلەرنى ۋۇجۇدقا

چىقىرىپ، بىر گۈزەلنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ، مىڭلىغان جانان - رەنالارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان بولاتتىم.

ۋادەرىخ، ئەمدى ئۆمەر ھەييام ئۆز رۇبائىيسىدا:

ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى،
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى، قىش - چىللە يەتتى.
ياشلىق دەپ ئاتالغان ئۇ سۆيۈملۈك قۇش،
بىلمىدىم، قاچاندۇر كەلدىيۇ، كەتتى.

دېگىنىدەك ئىمكان - پۇرسەتلىرىمنىڭ تەگدىن تولىسى تۈگىدى. پەقەت ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئىككى ئىش، يەنى ياشلىقنىڭ كۈچ - زورى بىلەن ئەزرائىل ھەم قېرى يىگىتنى يەڭگەن تارىخ ئۆمرۈم كۆكىدىكى چولپان يۇلتۇزدەك پارلاپ، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنى يورۇتۇپ، ماڭىمۇ گاھى - گاھىدا بەختىمنىڭ يار بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، تەنگە قېرىلىق يەتكەنلىك تۈپەيلى يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ئەمدىكى ياشلارغا مۇنۇ مەسلىھەتنى بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ قارايمەن. بەختلىك بولاي دېسىڭىز، ژولى ۋېرنىنىڭ: «ئەمگەك قىلىش ھاياتنىڭ قانۇنى ئىكەنلىكىنى باللىق چېغىدىلا ياخشى چۈشەنگەن ئادەم، پەقەت پېشانە تەرىنى تۆكۈپ نان تېپىپ يېيىش مۇمكىنلىكىنى ياشلىقىدىلا چۈشەنگەن ئادەم قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ» دېگەن سۆزىنى يادلىۋېلىڭ ھەم ياشاش مىزانى قىلىڭ!

# دېھقان ھەيكىلى ئالدىدا

ئادەم سەزگۈلىرى ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ
تۈرلۈك - تۈمەن تەسىرلىرىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا لايىقىدا
ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ئارتۇقچىلىقى بىلەن باشقا مەخلۇقلاردىن
ئۈستۈن تۇرىدۇ. تەبىئەتتىكى گۈزەللىكلەردىن ھۇزۇرلىنىپ،
كۆرۈمسىزلىك - سەتلىكلەرنى ئۆزگەرتىدۇ؛ جەمئىيەتتىكى پاي-
دىلىق ئىش - ئىزگۈلۈكلەرگە ئاپىرىن - تەھسىن ئېيتىپ،
قاباھەت - يامانلىقلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت پەيدا
بولغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بەرقارار بولغان بىر پىسى-
خولوگىيىلىك قانۇنىيەت، گەرچە مەن زېمىستان قىشنىڭ توڭى-
دەك ئاسان ئېرىمەيدىغان، ھېسسىياتىم قاشاڭ بىر ئادەم بول-
ساممۇ يەنىلا بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا قالالمايمەن.

كىچىكىمدە ئاتا - ئانامنىڭ نەسىھىتىگە، مەكتەپتىكى چاغ-
لىرىمدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسىگە ئېرەن‌ڭىسىز، پەرۋاسىز
نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ چوڭ بولغانلىقىم تۈپەيلى
كۆپتىن - كۆپ تەنبىھ - تەنقىدلەرگە دۇچار بولغانمەن. ئادەتتە
باشقىلار ئۇچۇن ئالەمشۇمۇل يېڭىلىق تۇيۇلغان نەرسىلەر ماڭا
ئادەتتىكىدەك بىر ئىش تۇيۇلاتتى. ئۆزۈمنىڭ ياكى ئائىلەمدىكى-
لەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك خۇش خەۋەر - شۇم خەۋەرلەر-
مۇ پەرۋايىمغا كىرىپ چىقمايتتى. بىر چاغدا، مېنى ئۆز باغرىدا
ئۇزاق يىل ئىللىتىپ ئانىلىق مېھرىنى ئايىمىغان چوڭ ئانام قازا

قىلغاندىمۇ، ئوقۇيمەن دەپ ئۈچ يىل ياقا يۇرتلاردا يۈرۈپ قاي-
تىپ كەلگەندە ئالدىمغا كۈتۈۋالغىلى چىققان ئانام سېغىنىش
ياشلىرىنى تارام - تارام تۆككەندىمۇ كۆزۈمدىن تامچە ياش چىق-
ماي، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانىدىم. ئەنە شۇنداق
تەسكەينىڭ توغىدەك ئاسان تەسىرلەنمەيدىغان ھېسسىياتسىز بىر
ئادەم بولسامۇ، يەنىلا ھېلىقى پىسخولوگىيىلىك قانۇنىيەتنىڭ
سىرتىدا قالالمىدىم.

يېقىندا شەھىرىمىزنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئاۋات بىر رەس-
تىدە كۆرۈلمىگەن يېڭىلىق سۈپىتىدە بىر ھەيكەل قەد كۆتۈر-
دى. مەن نۇرغۇن ھەيكەللەرنى كۆرگەن، داھىيلارنىڭ، مەشھۇر
سەركەردىلەرنىڭ، ئاتاقلىق ئالىم - ئەدىبلەرنىڭ ھەيكەللىرى-
نى، ھەتتا ۋېناسنىڭ ھەيكىلىنىمۇ كۆرگەن. ئۇلارغا سۈكۈتتە
تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن، تۆھپىلىرىگە كۆڭلۈمدە ھەرخىل
باھا بېرىپ باققان، لېكىن بۇنىسى داھىمۇ، ئالىممۇ، ئەدىبمۇ
ئەمەس، ئاددىي بىر دېھقاننىڭ سىماسى گەۋدىلەنگەن لاي ھەي-
كەل، تۆھپىسىنى مۇئەييەن بىر مىقدار سان بىلەن ئىپادىلەپ
بەرگىلى، ئىسمىنى بىرەر خاس ئىسىم بىلەن ئاتىغىلى بولمايدى-
غان، يۈزلىرى قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ - قارىداپ، قوللىرىغا
جاپالىق مېھنەتنىڭ قاداق - قاداق «گۈللىرى» چوڭقۇر «نە-
قىشلەنگەن» ، قامەت - بەستى، چىراي ئىپادىلىرىدىن يۈز مىڭ-
لىغان جاپاكەش دېھقاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، بىردەملىك، سې-
خىيلىق، ئەمگەكچانلىقى، غەيۇرلۇق، سەۋرچانلىق ئالامەتلىرى
چىقىپ تۇرىدىغان، بىر قولىدا كەتمەن، يەنە بىر قولىدا كۈرەك
جۇۋىسىنى تۇتۇپ شەرق تامان قاراپ تۇرغان، ماتا كىيىملىك
بىر دېھقاننىڭ ھەيكىلى. ئىنسانلار تارىختا يېڭى دەۋر يارىتالى-
غان، تۆھپىسىنىڭ ۋەزنى كۇئېنلۇن تېغىدەك زور بولغان مەش-

ھۇر كىشىلەرگىلا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ئەسلەپ تۇرۇش
ئۇچۇنلا ھەيكەل ـ ئابىدە تىكلەپ كەلدى. ۋاھالەنكى شەھىرى-
مىزدىكى ھېلىقى دېھقان ھەيكىلىنىڭ ئىسمى ياكى يۇرتى ۋە
ياكى تارىخىنىڭ بىرەر دەۋرىگە مەنسۇپ قىلغىلى بولىدىغان بىرەر
روشەن تۆھپىسى كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئۇ قارىماققا شۇنداقلا بىر
دېھقان ھەيكىلى، خۇددى ئوكياندىكى سۇنىڭ مىقدارىنى ھېساب-
لىغىلى بولمىغاندەك ھاياتىدا ياراتقان تۆھپىسىنى، تارت-
قان جەۋر ـ جاپاسىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدىغان، ئەملە-
يەتتىمۇ چەرەندە ـ پەرەندە چاھار يارلاردىن تارتىپ تاكى ئالتۇن-
دىن تاج كىيگەن سۇلتانلارغىچە ھەممىسىنىڭ ئاش ـ ئوزۇق-
نى، پۈتۈن ھايات كاپالىتىدىن تەڭدىن تولىسىنى ھەتتا ماڭارغا
ھازىرقىدەك ئەينەك كەبى تۈز، داغدام، راۋان يوللارنى . . .
تەييارلاپ بەرگەن، ئەمما راھەت ـ پاراغەت ھەۋەسىدىن، تەمە-
خورلۇقتىن، مىننەت، تاپا ـ تەنىدىن، ۋايساشتىن خالىي بول-
غان مىليونلىغان ساددا، ئەمگەكچان، مېھنەتكەش دېھقانىنىڭ
ھەيكىلى. تولىمۇ مەمنۇنمەن، يۇرتىمىزدا ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنى
تىكلەش كويىدا بولماي، دېھقانغا ئابىدە تىكلەيدىغان نۇشرىۋان
ئادىلدەك رەھبەرلەرمۇ باركەن ئەمەسمۇ؟ بۇنى ھېلىقى «يېگۈچى
بەرگۈچىدىن، ناۋاي دېھقاندىن، قاسساپ چارۋىچىدىن ئەتىۋار»
چاغلاردا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمىدى؟

مەن ئاشۇ ھەيكەل ئالدىدا تۇرۇپ، خىيالغا چۆمگەن ھالدا
دېھقانىنىڭ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان نەتىجە ـ تۆھپىسىنىڭ
سالمىقىنى قىممەت تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆردۈم. تارازا ئىشكال-
سىدىكى رەقەملەرنىڭ چەكسىزلىكى مېنى ئەس ـ ھوشۇمدىن
كەتكۈدەك دەرىجىدە ھەيران قالدۇردى. دېھقان ھەيكىلى بىردىنلا
كۆز ئالدىمدا ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ، بېشى ئەرشكە تاقىشىۋات-

قاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. خۇددى قايسى بىر شائىرنىڭ:

ئۇلۇغ ئەمەس» دېيەلەيدۇ كىم؟
ھىممەت شاھى — سېخىي دېھقانىنى.
ئۆزى تۇرۇپ پەگادا ھامان،
ئىززەتلىسە تۆردە مېھمانىنى.

نان تەڭرىسى جانجان دېھقان،
شاپائەتچى ھايات يولىدا.
خەزىنىنىڭ جىمى ئاچقۇچى،
خاسىيەتلىك دېھقان قولىدا. »

دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك، دېھقانىنىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى ئېڭىمە-دا تېخىمۇ روشەن نامايان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ مىڭلاپ داس-تان، رومان، قەسىدىلەر يېزىلىپ، ئالماس، ئالتۇنلاردىن بۇ-نىڭدىنمۇ چوڭ ھەيكەل - ئابىدىلەر ئورنىتىلسا كەملىك قىلىدى-غاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.
شۇڭا دېھقان، تەرتىپ جەدىۋىلىدە ئېلېكترونلۇق دەۋرنى ئېچىپ، سۈنئىي ھەمرانى ئاسمانغا چىقارغان ئالىملار، ئەقلى ۋە جاسارىتى بىلەن ئىنقىلاپ قوزغاپ خەلققە ھۆرلۈك - مەمۇر-چىلىق يارىتىپ بەرگەن داھىيلار، نوبېل مۇكاپات مېدالىغا ئېرىشكەن دۇنياۋى ئەدىبلەر. . . قاتارىدا ھېچبىر چېنىپ قال-مىسا كېرەك. ھالبۇكى ئۇ ئەدەبىياتىمىزكى ئانا تېمىسىدەك مەد-ھىيەلەپ، ئەكس ئەتتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان بىر ئۆلمەس تېما.

# ساقال ھەققىدە پاراڭ

نەچچە يىل بۇرۇن قايسى بىر يازغۇچى «ساقال ھەققىدە پاراڭ» سەرلەۋھىلىك بىر ھېكايە يېزىپ، يىل بويى يۇزىگە ئۇستۇرا تەگكۇزمەيدىغان، چاڭگا ساقاللىشىپ، تەلەتى مايمۇنغىلا ئوخشاپ قالغان، نائىسكەت بىر دېھقاننى مەسخىرە قىلغىنى ئېسىمدە. مۇئەللىپىنىڭ شۇ ھېكايىدە كۆزدە تۇتقىنى دېھقانلاردىكى تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، ئەمگەك قىلىشنى، يېيىشنىلا بىلىپ ئۆزىنى ئاز ـ تولا تۇزەپ يۇرۇشنى، گۇزەللىككە ئىنتىلىشنى، ئادەمدەك ياشاشنى ئويلىمايدىغان يامان ئادەتنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەمما مېنىڭ ئۆچكىنىڭ، مايمۇننىڭ، قوتازنىڭكىدەك ئۆستۇرۇۋېتىلگەن ساقالنى تىلغا ئېلىشىم قانداقتۇر تازىلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇ خىلدىكى ساقال ـ بۇرۇت شەكىللىرىنىڭ كىشىلەرنى، بولۇپمۇ بولۇمسىز، ئەخمەق كىشىلەرنى ئاسانلا ئازدۇرالايدىغان ئالاھىدىلىكىنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىشتۇر. دېمىسەكمۇ ساقال ـ بۇرۇت دېگەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەلگىلىك ئورۇنلىرىغا چىققىدىغان بىرەر تۇتام تۈكتىنلا ئىبارەت، خالاس. ئۇنى خالىغان بىر كىشى ياش قۇرامى، سالاھىيىتى، ئىرقى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۇزۇن، قىسقا ھالەتتە ياسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسكەت، سۆلىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇيغۇر يىگىتلىرى يارىشىملىق

ساقال ـ بۇرۇتلىرى بىلەن قىزلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقىدۇ. سىياسىئونلار، ئالىملار، ئەدىپلەر، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، دىيانەتلىك موللا ـ ئۆلىمالارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنىڭ كىشىلەردە ھۆرمەت، ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ئويغىتىشى بىكار ئەمەس. ئۇنداق بولمىسا زامانىمىزدىكى رەسساملار، مۇزىكانتلار، ناخشا چولپانلىرى، سەنئەتكارلار نېمە ئۈچۈن چاچ ـ ساقاللىرىنى ئاشىقلارنىڭكىدەك ئۆستۈرۈۋالىدۇ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ساقالسىز (كۆسا) ئادەم نېمە ئۈچۈن ساقاللىق كىشىدەك ھۆرمەت قىلىنمايدۇ؟ خەنزۇلارنىڭ قايسىبىر تىياتىرىدا ياشانغان ساقاللىق بىر كىشىنىڭ يەنە بىرىگە قارىتىپ ئوقۇغان:

مېنىڭ ساقىلىم سېنىڭكىدىن ئۇزۇن تۇرسا،
نېمىشقا ماڭا ھۆرمەت قىلمايسەن؟

دېگەن مۇناجاتىمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ؟

مۇشۇ كۈنلەردە بىز پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيلىرىدىن بولغان ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلەردىن تولستوي، شېكسپىر، نيۇتون، نەۋائىي قاتارلىقلارنى قانداقمۇ ساقالسىز تەسەۋۋۇر قىلالايمىز؟

شۇڭا ساقالنى كىملەر قويسا، قانداق شەكىلدە، قانچىلىك قويسا ئۆزىنىڭ ئىشى. چۈنكى تېخىچە ساقالنىڭ سىنىپىيلىكى، ئىرقى، دىنىي خاراكتېرى بارلىقى ھەققىدە ھېچبىر ئۇچۇر ئاڭلىمىدۇق. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك ئۇلۇغ داھىيلارمۇ، ئالىم ـ مۇتەپەككۇرلارمۇ ھەتتا ئەكسىيەتچى زالىملارمۇ، ئۆزىنى ئەقىللىق سانىۋالغان نادانلارمۇ، مۇسۇلمانلارمۇ، بۇددىسلارمۇ، خىرىستىئان پوپلىرىمۇ، يەھۇدىي كاھىنلىرىمۇ ۋە

باشقا دىندىكىلەرمۇ ئوخشاش ساقال قويىدۇ. پەقەت ئاياللار بۇنىڭ سىرتىدا. گەپ شۇ يەردىكى، ساقال ـ بۇرۇت ئادەم ۋۇجۇدىغا تەئەللۇق بولغان بىر ماددا. ئۇنى ئۆستۈرۈش ياكى قىرقىۋېتىش ئىگىسىنىڭ ھوقۇقى. ئەمما جەمئىيەتنىڭ، كىشىلەرنىڭ ساقال ـ بۇرۇتقا بولغان قارىشى، باھاسى، ئىنكاسى بولسا باشقا بىر ئىش.

70 ـ يىللاردا بولسا كېرەك، ھۆكۈمەتنىڭ بىر لىكسەپ تارماقلىرىدا ئىشلىگەن بىر مەسئۇل كىشىنىڭ ئېغىزىدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم. مەلۇم ناھىيىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا بىر موللا بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئالاھەزەل 20 مىڭ ئەتراپىدا مۇرىتى بولغانىكەن، مۇرىتلار ئۇ موللىنى «پىرىمىز، يولباشچىمىز، سەئىد ئەۋلادى» دەپ بىلىدىكەن. «پىرى» جېنىڭنى بەر دېسە بېرىدىغان دەرىجىدە ئۇنىڭغا سادىق ئىكەن.

بىر كۈنى بۇ موللىنىڭ مۇشۇنچىۋالا ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىشىدا قانداق سىر بارلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن كادىر، موللىلاردىن بولۇپ بىر نەچچىمىز بارغانىدۇق. دىنىي ئىلىم، شەرئىيەت بابىدىن سوئال سوراپ بىلدۇقكى، ئۇ تۇرغانلا بىر ساۋاتسىز، موللا دېگۈدەك دىنىي ساپاسى يوق، ھەتتا سۈرە «ياسىن تۆگۈل سۈرە» پاتىھەنىمۇ تولۇق بىلمەيدىغان كىشىكەن. پەقەت كېلىشكەن كۆمۈشرەڭ ساقىلى بار ئىكەن، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەيدىغان مۇرىتلار ئۇنىڭ ئەنە شۇ كېلىشكەن ساقىلى بىلەن نۇرانە چىرايىنى كۆرۈپ «ئۇلۇغلارنىڭ پۇشتىدىن ئىكەن، سەئىد ئەۋلادى ئىكەن» دېيىشىپ، خۇراپىيلارچە چوقۇنىدىكەن.

شەكلى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، رەڭگى ۋەجىدىن ئەنە شۇنداق خىسلەتلەرگە باي بىر تۇتام چۇپۇردىن ئىبارەت بولغان بۇ

ساقال مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا پەرمان بىلەن مەجبۇرىي قىرقىلغان بولسا، بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان زاماندىمۇ ساقال ـ بۇرۇت بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار يەنە چىقتى. ساقال ـ بۇرۇت ئۇلارنىڭ كۆزىگە دۈشمەننىڭ نەيزىسىدەك سەت كۆرۈنەمدىكىنتاڭ، قايسىـ بىر ئىدارىدە بىر باشلىق ئەپەندىم قول ئاستىدىكىلەرگە «ھەمەـ مىڭ ساقال ـ بۇرۇتۇڭنى ئېلىۋەت، بولمىسا ئىدارىدىن يوقال» دەپ تەھدىت ساپتۇ. ساقال ـ بۇرۇتلۇق كادىرلار نائىلاج ئېلىـ ۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن كۆڭلىدە «ساڭا ساقال چىقمىـ غانلىقى ئۈچۈنلا بىر خىل بولايلى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىسەن، بىز ئەزەلدىن ساقاللىق يارالغان تۇرساق» دەپ نارازى بولۇشۇپـ تۇ. جەمئىيەتتە بولسا ئۇ باشلىقنىڭ «ساتىراش باشلىق» دەپ نامى پۇر كېتىپتۇ. نېمە ئامال، ساقال ـ بۇرۇتنى بۈگۈن پاكپاكىز قىردۇرىۋەتسەڭ، ئەتىسى ئەت يەرنىڭ چىمىدەك يەنە غۇچچىدە كۆكلەپ چىقىدۇ. مۇمكىن بولسا، ھېلىقى ساقال ـ بۇرۇتقا ئۆچ باشلىقنىڭ قورىبى يەتسە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ ئادەملەرگە ساقال ـ بۇرۇت چىقمايدىغاننىڭ ئامالىنى قىلسا، ئاندىن ساقال ـ بۇرۇت داۋاسى تۈگىگەن بولاتتىمىكىن تاڭ.

# گۈزەللىك كۈشەندىسى

مەن مەشئۇم قارا بۇلۇتقا ئىنتايىن ئۆچ. ئۇ سېخىي قۇياشنىڭ يۈزىگە زۇلمەت پەردىسىنى ياپسا، ئىنسانىدىن تارتىپ ياكى پۇتىكۈل جان ـ جانىۋار ـ چارپايلار، ئۇچار قاناتلار، چەرەندە ـ پەرەندىلەرگىچە ھەممىسى ھاياتلىق مەنبەسى بولغان ئىسسىقلىقتىن، نۇر بەھرىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئادەملەر نەۋباھار پەيزىدىن، گۈل ـ گۈلىستانىنىڭ ئابى ھاۋاسىدىن، گۈزەللەرنىڭ سىن ـ رۇخسارلىرى ئاتا قىلمىش ئارامبەخش تۇيغۇلاردىن، شادىمان كۈي ـ ناۋالار پەيزىدىن، ئالتۇن كۈز نېمەتلىرىنىڭ لەززىتىدىن، بۇلاق سۇلىرىنىڭ يېقىملىق بۇلدۇق ـ بۇلدۇقىدىن. . . بەھرە ئالالمايدۇ.

مەن يەنە چۈمبەلگىمۇ شۇنداق ئۆچ، خۇددى زۇلمەت مەنبەسى قارا بۇلۇتقا، شەيتانغا، رەزىللىككە، ئالدامچىلىققا، پەسكەش رەقىبكە ئۆچ بولغاندەكلا ئۆچ! چۈنكى ئۇ مېنى گۈزەللىكنى، سۆيگەن يارىمنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈشتىن، ھۇزۇرلىنىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

گۈزەللىك مەن ئۈچۈن قۇياش نۇرىدەك، ئاتا ـ ئانا مېھرىدەك، ساپ مۇھەببەتتەكلا مۇھىم، ھاياتلىق موھتاج بولمىش سۇ، ھاۋا، ئاش ـ ناندەك زۆرۈر.

مەن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بېرى ھەمىشە ئۇنىڭ بەھرى بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن

كۆچ - دەرمان تېپىپ، تەڭرى ئاتا قىلغان رىزقىمنى ئۆتتۈرۈۋەتمەي، كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە بىر كىشىلىك رول ئېلىپ كەلدىم. شۇڭا، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن.

خۇددى تىلىگەندەك تەڭرى سېخىيلىق قىلىپ گۈزەللىكنىڭ كۆپىنى كوئىنلۇن باغرىدىكى جۇلالىق چەش، بۇ گۈزەل زېمىندا ئاپىرىدە بولغان پەرى سۈپەت قىزلارنىڭ جامالىغا سەدىقە قىلغان. بىزنىڭ بۇ يەردە ياۋروپالىقلار گۈزەللىك ئىلاھى دەپ بىلگەن «ۋېناس» تىن ئېشىپ چۈشكۈدەك گۈزەللەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ رۇخسارىدىكى ئۇزلۇق بۇ قەدىمىي دىيارنىڭ ھۆسنىگە نەقىش بولۇپ، كېچە زۇلمىتىنى يورۇتىدۇ. ھاياتتىن ئازار يېگەنلەر، دىلى سۇنۇقلار، ئاچ - زېرىنىلىقتا ئۆتۈۋاتقانلار ئاشۇ چولپان يۇلتۇزىدەك نۇرلۇق سىمالاردىن ئۆز دەردىگە تەسەللى تاپىدۇ.

مەن شۇنداق بىر گۈزەلگە ئاشىق ئىدىم، ئۇنىڭدىن ھاياتنىڭ ھەممە ھالاۋەت، كاپالىتىنى ئېلىپ تۇراتتىم. كۆڭۈم ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا قاراشتىن بىر دەقىقىمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. مۇبادا ئۇنىڭ ھۆسن نۇرلىرىنى كۆرۈشتىن بىردەم مەھرۇم بولسام جاھالەت زۇلمىتىدە قالغاندەك ئازابلىناتتىم. شۇڭا، مەۋجۇدلۇقۇم — بارلىقىم ئۇنىڭغا باغلىق ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ دىلرەبا ئالاھىدە خاسىيەتلىك بىر ئىشقا - ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جايى بەيتۇلھەرەمگە ھەج قىلىشقا نىيەت قىلدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى، ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلامنىڭ مۇبارەك ئىزى چۈشكەن ھەم قەبرىگاھى بار جايىنى تاۋاپ قىلغىلى بارىدىغانلىقى مېنى قەۋەتلا خۇشال قىلدى، قۇتلۇق سەپىرىگە ئاقيول تىلىدىم، ھىجران ئازابىغا قېلىشتىن قىلچە قورقمىدىم. ئەمما جۇدالىق

ۋەھىمىسى قىستاپ كەلگەنسېرى تەشۋىشىم ئاشتى. ئازابتىن
ئۆلۈپ كەتكەنمۇ بولارئىدىم، پەقەت گۈزەللىككە، ماھى تابانىمغا
بولغان ئاشىقلىق، يارنىڭ ۋىسالىنى كۈتۈش ئىستىكىلا مېنى
ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى. . .

«ۋېناس» نىم ھەج تاۋاپتىن قايتىپ كەلدى. ۋىسال ئۈمىدى
ماڭا يەنە ئالەمچە شادلىق ـ بەخت ۋەدە قىلدى، ۋۇجۇدۇمنى
يەنە كۈچ ـ قۇدرەت، جۇشقۇنلۇق سىلكىندۈردى. ئۆزۈمنى
قۇياشلىق باھار ئەتىگىنى گۈلزاردا پەي تازىلاۋاتقان قۇشتەك
شادىمان ھېس قىلماقتا ئىدىم.

ئەپسۇس، «ۋېناس» ىمنى كۆرۈش بىلەنلا چۆچۈپ كەتتىم.
ئۇ گۈزەللىكنى مەككە مۇكەررەمدە قالدۇرۇپ كەلگەندەك جاما-
لىنى بىر پارچە قارا لاتا بىلەن يۆگىۋاپتۇ. كۆڭلۈمگە يەتمىگەن
تەشۋىشلەر يەتتى: مۇشكۇل ھەج سەپىرىدە بىرەر خېيىم ـ
خەتەرگە ئۇچراپ گۈزەل ھۆسنىدىن ئايرىلغانمىدۇ ياكى ئايدەك
رۇخسارىنى مەندىن پىنھان تۇتۇپ باشقا بىر يوچۇن بەختلىككە
بەخش ئەتمەكچىمىدۇ؟ ئاھ، تەڭرىم! ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە
مېھرىبان تەڭرىم! سەن ئاشۇ ۋېناسلارغا بەرگەن گۈزەللىكنى
بىزنىڭ بەھرە ئېلىشىمىز، ھوزۇرلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقانغۇ؟
«ۋېناس» ىم نېمىشقا گۈزەللىكنى مەندىن ئايايدۇ؟ دىنى ئىسلا-
مدا نىيەت ئەلا دېيىلىدۇغۇ؟ «ۋېناس» ىنىڭ دىنىي ئىخلاسىنى
چۈمبەل ساقلاپ قالالامدۇ؟

ئى تەڭرىم، قۇدرەت كامالىڭنى جارى قىلىپ، ئاشۇ گۈ-
زەللىك كۈشەندىسى ـــ چۈمبەلنى كۆيدۈرۈپ تاشلىساڭ، بىز
گۈزەللىكنى كۆرسەك. . . ئۇنىڭدىن باشقا نېمەتلىرىڭ قاتارى
بەھرلەنسەك. . .

# تەڭرى رەنجىدۇ

مەن تۇغۇلۇپ ئاي توشمايلا دادام قازا قىلىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، قوشنىلار: «بۇ بالا شور پېشانىكەن، دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئېچىۋېدى، دادىسى كۆز يۇمدى» دېيىشىپتۇ.

ئانام ئائىلىدىكى پۈتۈن تەئەللۇقاتنى سېتىپ، تەرگەن - تۇگكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ مېنى بېقىپتۇ. دې- مەكچىمەنكى، مەن بىر ئائىلىنىڭ مېھرىنى، ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن كاپالىتىنى ئانامنىڭ قولى ئارقىلىق كۆرگەن، قۇرامىمغا يېتىپ بۇ گۇنكىدەك ساقال - سۇمباتلىق ئادەم بولغۇچە ئارىلىقتىكى ئىنسانلىق تەربىيىسىنىمۇ ئانامدىن ئالغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى، ياشلىق باھارىنى قۇربان قىلىپ، مېنى يېتىملىك بوسۇغىسىغا دەسسەتمەي، دادامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي، ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ قاتارغا قوشتى. شۇ ۋەجىدىن ئانامنى مېنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ھاياتىمدىكى يۆلىكىم، قۇۋانچىم، ئۇستازىم دەپ بىلىمەن.

مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپلا ياخشىلارغا، تۆھپىسى بارلارغا ئوقۇلىدىغان مەدھىيىنىڭ چوڭى ئانىلارغا تەئەللۇق، بولۇشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ئەجرى - ئەمگىكىنى ھەممىدىن بەكرەك ئەتىۋارلىنىشقا تېگىشلىك، ھۆرمەت تەختى ئالدى بىلەن شۇلارغا مەنسۇپ دەپ ئويلايتتىم. گەرچە «ئانا» دېگەن سۆز بىلەن قىممەت جەھەتتە تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان «دادا» دېگەن سۆز ئېسىمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لې-

كىن دادا مېھرى، دادىنىڭ بالا تەربىيىسىدىكى رولى دېگەندەك مەسىلىلەرگە قارىتا قەلبىمدە ھېچقانداق تۇيغۇ ـ تەسىرات يوق ئىدى.

مانا، مەنمۇ دادا بولدۇم، پەرزەنت كۆردۇم. ئۇلارنى بې-قىپ چوڭ قىلىپ ئۆز ئىنىمنى تېپىپ يەيدىغان قىلغۇچە ئانىسى بىلەن ئىككىمىزنىڭ كىرمىگەن گۆر، يېمىگەن نەرسىمىز قال-مىدى. ئۇلارنى تويغۇزىمىز دەپ گاھىدا ئۆزىمىز ئاچ قالدۇق، كىيىندۈرىمىز دەپ يېلىڭ قالدۇق، ئوقۇتىمىز دەپ قەرزگە بوغۇلدۇق... ئىشقىلىپ پەرزەنت تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ پەرزنى ئادا قىلىشتا ئەر ـ ئايال ئىككىمىزنىڭ رولى بىر ـ بىرىمىزدىن كەم بولمىدى. ئاللانىڭ ئەر ـ ئاياللارغا يۈكلىگەن خىزمەت بۇرچى، ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي ئىقتىدارىمىزغا يارىشا تەر تۆكتۇق، ئەجىر قىلدۇق.

ئەگەر تەڭرى بالا تۇغۇش ئىقتىدارى بىلەن ئەمچەكنى ماڭا تەقسىم قىلغان بولسا، بالىغا ئامراقلىقىمدىن تولغاق ئازابىنىڭ يامانلىقىدىن، بالا ئېمىتىمەن دەپ كېچىلىرى ئۇيقۇسىز قېلىش-تىن زادى ۋايسىمىغان بولاتتىم. ئەپسۇس، خۇدا ئۇ ئىككىسىنى ئانىغىلا تەقسىم قىلغان تۇرسا، مەندە نېمە ئامال؟

بىر كۈنى كەچتە بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئوغلۇم ئالدىمغا كېلىپ:

ـــ دادا، مۇئەللىم بىزگە «ئانا» دېگەن تېمىدا نەسىر يې-زىپ كېلىڭلار دېگەنىدى، ھېچ يازالايدىغاندەك ئەمەسمەن، قان-داق يېزىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، ـــ دېدى.

ـــ «دادا» دېگەن تېمىدا يازساڭ بولمامدىكەن؟ دەپ سورى-دىم ئۇنىڭدىن چاقچاق تەلەپپۇزىدا.

ـــ مۇئەللىم «ئانا» دېگەن تېمىدا يېزىڭلار، دېگەن

تۇرسا. . . — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە دومسايدى.
— ئۇنداق بولسا ئاناڭغا دېگىن، ئۇ بۇ تېمىنى ياخشىراق يازالىشى مۇمكىن.
چاقچاققا يۈلەپ قىلغان بۇ گېپىم ئوغلۇم ھەم قازان بېشىدا تاماق ئېتىۋاتقان ئانىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئانىسى ماڭا سوغۇق نەزەردە قاراپ دېدى:
— ئىچى تارلىقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ بىلىمسىزغۇ، تېلېۋىزور - رادىئولاردا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارنىڭ، گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلىۋاتقان شېئىر - نەسرلەرنىڭ تولىسى ئانا توغرىسىدا، يەنە كېلىپ ھۆكۈمەتمۇ ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇش، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپە- ئىتىنى قوغداش نىزامى قاتارلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق بىز — ئانىلارنى قەدىرلەۋاتىدۇ. يەنە تېخى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىمىزمۇ بار. سىلەرنىڭچۇ؟ . . .
ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن. قۇلىقىمغا كىرمىدى، ئوغ- لۇممۇ «ئانامنىڭ دېگىنى توغرا» دېگەندەك ئۇنىڭ يېنىغا تېخىمۇ سىغدالدى. ئارىدا بولۇنغان گەپلەر ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا دېيىلگەن بولسىدى، كاشكى، سالىۋاتقا چىقىرىد- ۋەتكەن بولاتتىم. ئەپسۇس، بۇ يەردە ئوغلۇم — ئاق - قارىنى ئوبدانلا پەرق ئېتىپ قالغان بالام بار. شۇڭا ئايالىمنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاتىلىق غۇرۇرۇمغا تېگىپ، بىر ئاز خورلۇق ھېس قىلدىم.
ئوغلۇم ھەقىقەتەن ئانىسىغا بەك ئىجىل ئىدى. بۇنى مەن ھېلىغىچە «ئوغۇل بالا گىلىغا ئامراقلىقىدىن ئانىغا، قىز بالا كىيىمگە ئامراقلىقىدىن دادىسىغا يېقىن بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچە بويىچە ئانچە ئۆزۈمگە ئېلىپ كەتمەيتتىم. دېمىسىمۇ باللار

ئائىلىنىڭ مېھرىنى، ئىلتىپاتىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئانىسىنىڭ قولى ئارقىلىق كۆرگەچكە، بارچە ياخشىلىقنى شۇنىڭغا باغلىشى ئېنىق. ئەمما بۇ قېتىم ئايالىمنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى، ئوغلۇمنىڭ ماڭا ياتسىراپ قاراشلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى، ھەتتا بالامنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ماڭا بولغان ۋاپا - ساداقىتىدىن ئەنسىرەپمۇ قالدىم. شۇڭا ئايالىمغا، بالامغا، «ئانا» ھەققىدىلا شېئىر - نەسىر يېزىپ دادىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان شائىر - يازغۇچىلارغا، ئانىنى مەدھىيىلەپلا ناخشا ئوقۇيدىغان ناخشىچىلارغا، شۇنىڭدەك پۈتكۈل خالايىققا مۇنۇ سۆزلىرىمنى مۇنبەرگە چىقىپ جاكارلىغۇم كېلىدۇ:

— دادىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئۇنى ئانا قاتارىدا ئوخشاش مەدھىيىلەڭلار! ھېچبولمىغاندا بۇرۇنقىلارنى دوراپ بولسىمۇ:

ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن،
ئانا دېگەن باغ ئىكەن.
ئاتا - ئانىسى يوقلارنىڭ.
يۈرەك - باغرى داغ ئىكەن.

دېگەندەك ناخشا - قوشاقلارنى ئوقۇپ - توقۇپ قويۇڭلار. چۈنكى، دادا سىلەر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تارتىشتا ئىچ ئاتلىق رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ، ئانا تولغاق ئازابى تارتىۋاتقاندا ئىشىك تۈۋىدە بىتاقەت بولۇپ ئىچ ئاغرىتىش ئازابى تارتىدۇ؛ ئانا ئۆيدە بۆشۈك تەۋرىتىپ ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتقاندا، دادا بالىنىڭ كېيىنكى غېمى ھەم ئىستىقبالى توغرۇلۇق باش قاتۇرىدۇ؟ ئانا ئۆيدە تاماق ئېتىشكە تۇتۇنغاندا، دادا ئېتىزدا يەر ئاغدۇرىدۇ؟ ئانا كۆرپە - ياستۇق تىككەندە، دادا جاڭگالدا

ئوتۇن كېسىدۇ؟ ئانا بالىغا ئاتاپ بازاردىن بىر نەرسە سېتىۋالـ غاندا، دادا سىرتتا ئىشلەپ پۇل تاپىدۇ. . .

مەن دادا بىلەن ئانىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئىنسانـ نىڭ ئائىلىۋى ھاياتتىكى تۆھپە ـ ئەجرىنى قايتا ـ قايتا سېلىشـ تۇردۇم، تەڭپۇڭ تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ باقتىم. يەنىلا ئۇلارـ نىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ئەجىر ـ مېھنىتىنىڭ سالمىقى بىر ـ بىرىدىن زادى قېلىشمىدى. ئۇلار ھۆرمەتلىنىشى، مەدـ ھىيىلىنىشى كېرەك، بولمىسا تەڭرى رەنجىيدۇ.

# تەشەككۇر ۋە تەلەپ

كىشى ئۆز يۇرتىنىڭ ئەمگەكچان، مېھماندوست خەلقى، ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى، مول ھوسۇللۇق ئېكىنزارلىقلىرى، گۈزەل، خۇش ھاۋالىق سەيلىگاھلىرى، تۈگىمەس - پۈتمەس بايلىقلىرى بىلەنلا ئەمەس، ئۆلمەس تۆھپىلىرى بىلەن ئۆز مىللىتىگە ۋەكىل بولالايدىغان، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىغا شەرەپلىك ئەجىر، ئۇتۇقلىرى بىلەن نەقىش چەككەن ئوقۇمۇشلۇق ئەدىب - ئالىملىرى، ئۆلىما - پازىللىرى، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرى بىلەنمۇ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق.

ئوتتۇرا ئەسىر يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان خوتەندە ئەزەلدىن ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، ئالىملار، سەنئەتكارلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، ئىختىرا - ئىجادلىرى بىلەن تارىختا بەلگىلىك ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار گويا ئۆچمەس چولپان - يۇلتۇزدەك مەرىپەت ئاسمىنىنى يورۇتۇپ، جاھالەتنىڭ باغرىدىغا ئۆز تىغىنى ئۇرۇپ ئۆتكەن. مىلادىيە II - ئەسىردىن VIII - ئەسىرگىچە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن تەرجىمان، ئوقۇتقۇچى، شائىر، مۇزىكانت، رەسسام، ھەربىي ئالىملاردىن ۋۇسالا، شىلادىھارما، ۋايىساسلا؛ تاڭ خانىدانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋايىساراگومىل، ۋايىسارا ئىرباجنا، ۋايىسارا ئىدىراسانگا، ۋىسا كۇيجى، ۋايىسارا چىن، ۋايىساراجاڭ، ۋايىسارابوخان، ۋايىساناۋاھام قاتارلىقلار بىلەن خوتەننىڭ يېقىنقى زامان

تارىخىدا ياشىغان قەلەندەر، نۆبىتى، ئەخمەتشاھ قارىقاش، موللا نىياز چاقارى، . . . قاھار جېلىل. . . ، يەنە ھازىر ھايات ياشا- ۋاتقانلاردىن مەمەتئابدۇللا بەگ ھاجى، جاپپار ئەمەت، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، روزى سايىت، نۇرىمۇھەممەت توختى، ئابدۇللا سۇ- لايمان، مەتروزى مەتىسىدىق، مەمىتىمىن ئابدۇۋېلى، ئابدۇقادىر سادىر . . . قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

بىر مىللەت، بىرەر يۇرتتا ئالىم - پازىللارنىڭ، بىلىمدان- لارنىڭ ئاز ياكى كۆپ چىقىشى — شۇ مىللەت، شۇ يۇرتتىكى خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ سۈپەت - ساپاسىغا باغلىق، ئەلۋەتتە. قاچانكى بىرەر ئەلدە ئىلىم مەرىپەت، پەن ئەھلىلىرى خېرىدار تاپسا، شۇ جايدا تەرەققىيات ئاسايىشلىق، مەمۇرچىلىق، دوست - ئىناقلىق كامال تاپىدۇ. مۇبادا ھەسەت، تاما،. خۇشا- مەتچىلىك، ئىشرەتخورلۇق، تىغ، ئەلەم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسا، يۇرت قاششاقلىق، نامراتلىق، نىزاھ، گۇنا - ئاداۋەت، رىياكارلىق، پىتنە - پاسات ئوچىقىغا ئايلىنىدۇ. بۇ تارىخىمىز- دا تەكرار ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.

يىراقنى قويۇپ ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلنى، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، دەۋرىمىز ئىلىم - پەننى، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەدرىنى يۇكسەك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا قۇلاي شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكتىن، دۆلە- تىمىز ئوقيا تىزلىكىدە تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تاپتى. بىز بۇ يەردە باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ خاس ئەدەبىيات - سەنئەتنىلا ئېلىپ ئېيتساق، يېقىنقى ۋاقىتتىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بازىسىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۆجىزىلەر، ئۇتۇقلار ئەل روھىنىڭ ئائىنەسى بولغان زور ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەر-

لەر، روماىن، پوۋېست، ھېكايە، داستانلار مەيدانغا كېلىپ، قېرىنداش مىللەت ۋە قوشنا دۆلەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن رىقابەتلىشىش سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى. ئىقتىدار ۋە ئەخلاقىي - پەزىلەتتى جەھەتتىن زامان تەلىپىگە لايىق ئىزدىنىشكە ئىنتىلگەن قەلەمكەشلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئەنە شۇ مەرىپەت قوشۇنىنىڭ بىر كالوننىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ھاۋاسى قويۇق، قەلەمكەشلىرى خىل ۋە كۆپ بولغان چىرا ناھىيىسى ئالاھىدە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بىز يان - بىلىمىزگە ئوبدانراق قاراپ باقساق، ژۇرنال ۋە گېزىت بەتلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، كاللىمىزغا ئىختىيارسىز «كۆلىمى كىچىك، قىلىپپىن ئارىلىدەك چاچقۇن، ئەسلىدىن نامرات بۇ ناھىيىدە ئەدىبلەر نېمانچە كۆپتۇ؟» دېگەن سوئال كېلىدۇ. دېمىسىمۇ ھازىر چىرا ناھىيىسىدە ئىجادىنىڭ پارلاق مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئىقتىدارلىق، ئۈمىدۋار، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندا جامائەتچىلىككە بىر قەدەر تونۇش بولغان ئەدىب ۋە ھەۋەسكارلاردىن 100 گە يېقىنى بار. ئۇلارنىڭ ئالدىنىڭ چاچ - ساقىلىغا ئاق كىردى، كەينىدىكىلەر تېخى مەكتەپتە. ھالال ئەجىرىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە چىرىلىقلارنىڭ نامىدا ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان نادىر ئەسەرلەر ۋە يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان 10 نەچچە توپلام كىتاب بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

چىرىدىن چىققان ئەدىبلەر قاتارىدا كىمنىدۇر قىينى مۇشۇ دىيارغا تۆكۈلگەن، ھازىر شىنجاڭنىڭ مەرىپەت ئاسمىنىدا قىران بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىۋاتقانلاردىن ئابرۇيلۇق يازغۇچى،

ژۇرنالىست ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، مول ھوسۇللۇق شائىر ئابدۇللا
سۇلايمان، لىرىك شائىر مۇھەممەتتوختى ئەخمەت، ئابدۇخېلىل
ئابدۇخېۋىر، ئالىمجان رەجەپ، مۇھەممەتجان ئىسمايىل، مەخ-
مۇت سە[illegible]لارنىڭ باشقا پۇختا، ئەمما تەقى - تۇرقىدىن بالىلىقى
چىقىپ تۇرىدىغان ھوسۇللۇق يازغۇچى، ياش مۇھەررىر تۇرسۇن-
جان مۇھەممەت؛ بەستلىك، ھەمىشە چوڭ بايخان تەلپەك كىيىد-
ۋالىدىغان دېھقان سۇپەت، تارتىنچاق ئەمما، ئۇلگە قىلغۇدەك
سەمىمىي، يۇمۇرىستىك يازغۇچى مەمتىمىن ئابدۇۋېلى؛ توپتەك
سېمىز، قىسىق كۆز كۇلكە چولپىنى، شائىر مەتقۇربان ئىسما-
يىل؛ ماۋخۇي - لىگجاڭلىق يازغۇچى ئابدۇكېرىم سۇلايمان؛
ئورمانچى، ھازىر جاۋاب شائىر مەمتىمىن توختىدىن تارتىپ
ھېلىغىچە تاغىستاندا ياشاۋاتقان ياش يازغۇچى قەيسەر ئابدۇقا-
دىر؛ مەتسىدىق ۋە دامىكۇ دىيارىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى،
ئىجاد ئىشقىدا قەلبى ئوت بولۇپ يانغان ماھىنۇر ئىسمايىلغىچە
بولغان قىزغىن، روھلۇق بىر سەپ ئادەم مانا مۇشۇ مەرىپەت
قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ تۆھپە يارىتىۋاتقانلاردۇر.
زامان ئوخشاش، ماكان ئوخشاش، ھېچ بولمىغاندا ئاساسەن
ئوخشاش. ئەمىسە نېمىشقا چىرىدىن ئەدىبلەر كۆپ چىقىدۇ؟
ئەدەبىيات ھاۋاسى نېمە ئۈچۈن باشقا جايلارغا نىسبەتەن قويۇق
بولىدۇ؟ 10 نەچچە يىللىق تەھرىرلىك ھاياتىمدا تەكشۈرۈش،
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدىمكى، چىرا خەلقى
جاپاغا، قىيىنچىلىققا تۆگىمدەك چىدايدىغان ئىرادىلىك، ئەمگەك
سۆيەر خەلق شۇنداقلا مەدەنىيەتنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى قىز-
غىن سۆيىدىغان، ئويۇن - تاماشىغا ئامراق خەلق. جۇملىدىن
چىرىدىكى ئەدىبلەرمۇ يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە مۇ-
جەسسەملەشتۇرگەن. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان

ئىشتىياقى كۆچلۈك، قانداقتۇر يېزىقچىلىقنى يۇقىرىغا ئۆرلەش-نىڭ شوتىسى، مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدىغان ساختا ھالەتلەر ئۇلاردا يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئۆم - ئىناق ئۆتىدۇ. بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن. سىرت-تىن چىرىغا بىرەر ئەدىب كېلىپ تونجى قەدىمىنى بۇ قەدىمىي تۇپراقتا باستان ھامان قەلەمكەشلەر خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك مېھماننىڭ قېشىدا ھازىر بولىدۇ ۋە ئەدەبىيات ھەق-قىدىكى ئۇچۇرلارنى سوراشقا باشلايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەدىبلەر كىبىر - تەمەننادىن يىراق بولۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن ئىچقو-يۇن - تاشقويۇن بولۇپ، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئىلھامىنىڭ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس بۇلىقىغا، سەممىي، توغرا پاردەم ۋە رىغبەتكە ئېرىشىپ، مەنىۋى ئوزۇق تەمىناتىغا ئىگە بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلەر، بو-لۇپمۇ چىرىدىكى مەسئۇللار ئەدىبلەرنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئەتىۋارلاپ كەلدى. كىتاب چىقىرىشقا، يىغىن ئېچىشقا، تۈرلۈك ئەدەبىي پائالىيەت-لەرگە مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. بۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە چىرىنى پۈتۈن شىنجاڭغا، دۇنياغا تونۇتۇشتا چوڭ ئۇنۇم بەردى. گېزى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، 1993 - يىلى چىرىدا ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، مەخسۇس چىرىنى تېما قىلىپ يېزىلىپ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئاخبارات، ئو-چېرك، ھېكايە، داستان قاتارلىق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەر 40 پارچىدىن ئاشىدۇ. شۈبھىسىزكى، چىرىنى شىنجاڭغا، پۈ-تۈن جۇڭگوغا تونۇتۇشتا ھەجمى نەچچە يۈز مىڭ خەتتىن ئاشماي-دىغان بۇ يازمىلارنىڭ ئەھمىيىتى چىرىلىقلارنىڭ ئاشلىق، پاخ-

تا، چارۋا مەھسۇلاتىنى ئىلگىرىكىدىن يەنە نەچچە قاتلىغانلىقى-
نىڭ ئەھمىيىتىدىن قېلىشمايدۇ، ئەلۋەتتە. رەھبەرلىكنىڭ ئە-
دىبلەرنى قوللىشىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە قان-
داق رول ئوينايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان چاغدا، مۇنداق بىر
مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ: 1983 - يىلىنىڭ ئاۋغۇست
ئېيى بولۇپ، ئاداققى يازنىڭ بەھرىدىن گۈزەل قەشقەرنىڭ شى-
مالىغا جايلاشقان چەت ئەل مېھمانخانىسى شاھ ھەرەملىرىدەك
گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. شۇ چاغدا بۇ باغرى كەڭ، مېھرى
ئىسسىق مېھمانخانىغا تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا قاتنى-
شىۋاتقان قەشقەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى، چەت ئەلدىن ۋە ئىلىمىز-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئېزىز مېھمانلار ۋە جەنۇبىي
شىنجاڭ بويىچە ھېكايە ئىجادىيەت يىغىنىغا كەلگەن 50 كە يېقىن
ئەدىب جەم بولۇشقانىدۇق. بىر كۈنى توساتتىن «نىيە تەرەپتىن
دۆلەت رەھبىرى كېلىۋېتىپتۇ، مۇشۇ مېھمانخانىغا چۈشىدىكەن،
بۇ يەردىكىلەر چىنىۋاغقا يۆتكىلىدىكەنمىز» دېگەن خەۋەر تارقال-
دى. دېگەندەك ھايال ئۆتمەي تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا
كەلگەنلەر، بىز بىلەن تاماقتا بىللە بولۇپ ئۈلپەتلىشىپ يۈرگەن
مىسىرلىق، ياپونىيىلىك، شىياڭگاڭلىق مېھمانلار ماشىنىلارغا
ئولتۇرۇپ چىنىۋاغقىمۇ ياكى باشقا جايلارغىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر
ياققا جۆنەشتى. ئارىمىزدىن بەزىلەر «ئۇلارنى چىنىۋاغقا يۆتكى-
سە، بەلكىم بىزنى ئاددىيراق بىر مېھمانخانىغا جايلاشتۇرار»
دەپ پەرەز قىلىشتى. بىزمۇ «ھەرقاچان يۆتكەلمەي قالمايمىز»
دېگەن پەرەز بىلەن كىتابلىرىمىزنى سومكىلىرىمىزغا قاچىلاپ،
يىغىن باشقۇرغۇچىلارنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرۇشتۇق. چۈش-
تىن تاكى كەچلىك تاماققىچە ئەنە شۇنداق دېلىغۇللۇقتا ۋاقىت
ئۆتكۈزدۇق. شۇنىڭغىچە ھەزرەتتىكى بۇ ھەشەمەتلىك مېھمانخا-

نىغا كىچىك ماشىنا ۋە موتسىكلىتلىق ساقچىلار مۇھاپىزىتىدىكى پاپىدا كالۇننىسى كىرىپ، مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىكى دۆلەت رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئاتالغان بىنا تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى. شۇ هامان مېھمانخانا ئەتراپىنى بىرلىيەن ئەسكەر قورشاپ، كىشىلەرنىڭ ئەركىن كىرىپ - چىقىشى چەكلىنىپ، مېھمانخانىدىكى هەربىر كىشىگە بىردىن كىنىشكا تارقىتىلدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا هەر بىرىمىزگە بىردىن ئىشىكتىن كىرىش كىنىشكىسى بېرىلگەندىلا ئاندىن بۇ يەردىن يۆتكەلمەيدىغانلىقىمىزغا كۆزىمىز يەتتى. لېكىن مەن شۇ چاغدا بىر ئىشقا ئەقلىم يەتمەي، نېمە ئۈچۈنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قالغانىدىم. نېمە ئۈچۈن مېھمانخانىدىن قەشقەرنىڭ ۋالىي، هاكىملىرىنى، چەت ئەلدىن كەلگەن ئېزىز مېھمانلارنى يۆتكىۋېتىپ بىزنى ئېلىپ قالىدىغاندۇ؟ بۇ بىزنى ئېزىزلىغىنىمۇ ياكى يازغۇچى، ئاخباراتچى بولغان بىر توپ ئادەمنىڭ يامان سۆز - چۆچەك تارقىتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمۇ؟ بۇنىڭغا شۇ چاغدا هېچكىم مۇۋاپىق جاۋاب بېرەلمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچتە قەشقەر شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى مەركەزدىن كەلگەن مېھمانلارغا كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن مېھمانخانىنىڭ تاماقلىنىش زالىدا ئويۇن قويدى. بىزلەرگىمۇ ئويۇن بېلەتىدىن بىردىن نېسىپ بولۇپ، مېھمانلارنىڭ كەينىدىن ئۈچىنچى قاتاردا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆردۇق. ئالدىنقى قاتاردا بىز نامىنى بىلىدىغان دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، تيەن يۆلىن، ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق بىر نەچچە رەھبەر ئولتۇرغانىدى. شۇ ئاخشام ئاتاقلىق ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس تەلەپكە ئاساسەن يېقىملىق ئاۋازدا ئۈچ ناخشا ئوقۇدى. شوخ، گۈزەل ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئوينالدى. مېھمانلار رازى بولۇپ قىزغىن

چاۋاك چېلىشتى.

بىز دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىر مەركىدە جەم بولۇپ ئۆز ـ ئارا خۇشال ـ خۇرام كەيپىياتتا ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمىزدىلا ئاندىن قەدىرلەنگىنىمىزگە ئىد-شەندۇق. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن مېھمانلار ئوپالغا ھەزرىتى موللامنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ماڭدى. ئارىدىن يې-رىم سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، يىغىن باشقۇرۇش ئورنىدىن «ئىسمايىل ئەھمەد ئەدىبلەرنى قوبۇل قىلىدىكەن» دېگەن خەۋەر كېلىپ، ھەممىمىز جۇلالاپ تۇرىدىغان گىلەملەر، ئېسىل ساپا-لار بىلەن بېزەلگەن ئوچۇق، ئازادە يىغىن زالىغا جەم بولدۇق. ھايال ئۆتمەي ئىسمايىل ئەھمەد، ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل، جاپپار ئەمەتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا چېھرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇر-غان ھالدا زالغا كىرىپ كەلدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ چاۋاك بىلەن قارشى ئالدۇق. ئۇ، يىغىن ئەھلى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن كرېسلوغا ئولتۇ-رۇپ، دوستلار ئارا كۆرۈشۈش، ھال سورىششنىڭ يەنە بىر شەكلى ــ چاقچاقنى ئېغىز ئاچتى:

ــ قانداق، سىلىنىڭ ھېلىقى ئاداش تۇرمىدىن قايتىپ چىقتىمۇ؟ ھازىر زامان خېلى كەڭرىپ قالدى، ــ دېدى يازغۇ-چى ئابلىمىت سابىرغا قاراپ.

زالدا بىردىن قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. رەئىس بۇ يەردە ئابلىمىت سابىرنىڭ «ئۇنىڭ ماكانى» دېگەن ھېكايىسىدىكى بىر پېرسوناژنى نەزەردە تۇتۇپ چاقچاق قىلغانىدى. ئارقىدىن چاق-چاق ئوقياسىنى يازغۇچى مەمتىمىن ئابدۇۋېلىگە قاراتتى:

ــ مەمتىمىن ئاخۇن، سىلىنىڭ ساقاللىق بۇرادىرىڭلار ساقىلىنى ئالدۇرۇۋەتتىمۇ ـ قانداق؟ «ساقال ھەققىدە پاراڭ»

نى مەن ئوقۇدۇم. بۇ يەردە ئولتۇرغان خېلى كۆپلىرىڭلارنىڭ ئەسەرلىرىڭلارنى ئوقۇپ تۇرىمەن. بىز دېھقانلارنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار ئىشلەشنىمۇ، ئادەمدەك ياشاشنىمۇ بىلىشى كېرەك. مىللىتىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز؛ پاش قىلىشىمىز لازىم. ئۇ يەنە يۇقىرىقى سورۇندا بىر نەچچە ئەدىبكە ئۇلارنىڭ قايسىدۇر ئەسىرىنى ۋە ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى تىلغا ئېلىپ چاقچاق قىلغاندىن كېيىن، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئىجادىيەتكە قويۇلىدىغان تەلەپ، ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى، يازغۇچىنىڭ بۇرچى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتىپ ئەھمىيەتلىك يوليورۇقلارنى بەردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەدىبلەرگە، ئەدەبىياتقا بولغان قارىشىنى شەرھلەپ مۇنداق دېدى:

— مەن يازالمايمەن، ئەمما سىلەرنىڭ ئەسەرلىرىڭلارنى سۆيۈپ ئوقۇيمەن. ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىمۇ ماڭا مەلۇم. شىنجاڭدا ھازىرغىچە مەندەك ئۆلكە باشلىقىدىن نەچچىسى ئۆتتى، بىلمەيمەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. پەقەت بىرىلا ئۇنتۇلمىدى، ئۇ بولسىمۇ زوھرىدىن ھېكىمبەگ. بۇ زات ئۆز دەۋرىنىڭ نىزاردەك ئۆلىما - ئالىملىرىنى، ئەدىبلىرىنى قوللىغان. ئۇلارنىڭ ئۇتۇقلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ تون كىيگۈزگەن، شۇ ۋەجىدىن قاچانكى ئاشۇ ئالىملار، ئەدىبلەر تىلغا ئېلىنسا ئوخشاشلا زوھرىدىن ھېكىمبەگمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، ماختىلىدۇ، ئەسلىنىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالىملار، ئەدىبلەر ئەل نەزەرىدە ئىنتايىن ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر. شۇڭا، مەنمۇ سىلەرنى ئازراق بولسىمۇ قوللىيالىسام، ياردەم بېرەلىسەم ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. لېكىن ھېلىغىچە بۇنداق پۇرسەتلەر ناھايىتى كەم بولدى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن

مۇشۇنداق قىلىشقا تىرىشتى،ن.
شۇ ئارىلىقتا رەئىسنىڭ سۆزى دەممۇ دەم قىزغىن چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلىنىپ تۇردى. سۆز ئاخىرلاشقاندىمۇ شادلىقنىڭ، ھاياجاننىڭ ئىسپاتى بولغان ئالقىش سادالىرى زالدا خېلىغىچە توختىمىدى.
يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شۇ قېتىمقى سەمىمىي، ئوچۇق ـ يورۇق، دوستانە ھالدا سۆزلىگەن سۆزى «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ جازا ھەپسىلىرىدە مەنىۋى تېرورلۇق ئاسارىتىدە قەلب ھېسسىياتى مۇزلىغان، تاكى 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى قۇياشلىق باھار پەيتىدىمۇ ئەدەبىيات يولىدا تېخىچە تېڭىرقاپ يۈرگەن بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ قەلبىگە خۇددى تەسەككەينى ئېرىتكەن ئاۋغۇست قۇياشىنىڭ تەپتىدەك تەسىر قىلىپ، سىمنارىيىنىڭ غەلىبىلىك تاماملىنىشىغا زور تۈرتكە بولغانىدى.
ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بۇ سۆزى ماڭىمۇ ئۆزگىچە تەسىر قىلىپ، ئىجادىيەت يولۇمنى يورۇتۇپ، ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مەندەك مەخسۇس تەربىيە كۆرمىگەن، ئىجادىيەت سېپىگە يېڭىدىن يولدا ئەگەشكەن، غەيرىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، قەلىمى تاكان بىر كىشىگە نىسبەتەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، يەنە كېلىپ بىر سىياسەئوننىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بۇنداق ئىلھام بەخش سۆزلىرىنىڭ قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى ھەر كىم پەرەز قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن ھەرقانداق جايدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللەپ ياشىنىشى، جۇملىدىن چىرا ناھىيىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاۋاسىنىڭ قويۇق بولۇشىنىڭ سەۋەبى يۇقىرىدا ئىسمايىل ئەھمەدتىن باشلاپ تۆۋەندە يالقۇن ھاكىمدەك بىر تۈركۈم مەرىپەت سۆيەر رەھبەرلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئىكەن، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

چىرا ناھىيىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۆندىن - كۈنگە گۈللىنىپ، ئەدىبلەرنىڭ ئاۋۇشىدا يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلدىن باشقا ئەدىبلەرنىڭ سۆيۈپكتىدىكى تۇغۇلما ئەدەبىي دىت، ھارماس ئىجادكارلىق روھ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببەت ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئىجادىيەت، ئىختىرا دېگەنلەر خۇددى ئۇلۇغ شائىر نۆبىتى «كىتابەت ئەھلى ئۆتەر خەتلىرى قالۇر باقىي، نە مالۇ مەنال قالۇر نە ساراي ئىلە تاقى» دېگەندەك ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ، ئىجادكارنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم شېرىكلىك قىلالمايدۇ. پۇل - پۇچەك، دەپپى - دۇنيا دېگەننى ئۆلگەندىن كېيىن تۇغقانلار، بالا - چاقىلار بۆلۈشۈپ تەسەررۇپ قىلىسىمۇ، ئەمما ئىجادىيەت ئاپتوردىن باشقا ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس. ئۇنى ھېچكىم مىراس قىلىۋالالمايدۇ، ئۇ، خەلققە مەنسۇپ بولسىمۇ يەنىلا مەڭگۈ ئىجاد قىلغۇچىنىڭ نامىدا زىكىر قىلىنىدۇ. چىردىكى كەڭ ئاپتورلار بۇ نۇقتىنى چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈشىنىپلا قالماي ئىجادنىڭ داغدام يولىدا توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قان - تەر ئاققۇزۇپ قىلغان ئەجىر - مېھنەتلىرى بەدىلىگە ياراتقان تۆھپىلىرى بىلەن ئۆزىگە ھەم چىرىلىقلارغا شان - شەرەپ كەلتۈردى ھەم كەلتۈرىدۇ. بۇ نۇقتا ئاللىقاچان ئىسپاتلاندى.

مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىم ئۆز نامىمدىن چىرىلىقلارغا، چىرىلىق ئەدىبلەرگە بىلدۈرگەن تەشەككۇر ۋە ئۈمىدتىن ئىبارەت.

# ئالتنچى بارماق

تۇگىمەس ئائىلە مۇلازىمىتىدىن بەللىرى مۇكچەيگەن، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، چېھرىدىن پۇشايمان، ئەپسۇسلىنىش، ھەسرەت ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئانا بامدات نامىزىدىن كېيىنكى دۇئاسىدا ئالاللاغا يىغلامسىرىغان ھالدا يولدىن چىققان بالىسىدىن زارلىنىپ مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

— تۇۋا، خۇدايىم تۇۋا! ھەممە گۇناھىمغا تۇۋا، ئانامنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپ سالغان بولغىيدىممۇ؟ قىلغان گۇناھى - كىبىرىمنى كەچۇرگەيسەن. شۇ ئەقىلسىز بالامنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ئاتا قىلغايسەن! مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۇنلەردە نېمىگە ئۆچ بولسام شۇ. «ئۆچ بولماڭ گىرىپتار بولارسىز» دېگەن راست ئىكەن. ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە ماڭا نېمە تارتقۇلۇق، نېمە كۆرگۈلۈك، ئەھلى - ئەۋلادىمىز سەممىمي، رايىش ئادەملەر ئىدى. بۇ بالىنىزە كىمنى دورىغاندۇ؟! قايسى شەيتاننىڭ دامىغا چۇشكەندۇ؟! يا نەسىھەتنى ئاڭلىمىسا، يا ئادەمدەك سىياقتا يۇرمىسە، گاھىدا ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن ئۆز بالاملىقىنى بىلەلمەي قالىمەن. يۇز - كۆزىنى، كالپۇكلىرىنى مايمۇننىڭ قوڭىدەك بوياپ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىگە قارا چەمبەرلەرنى سىزىپ، چاچلىرىنى تۇگۇۋالغان كىرپىنىڭ تىكىنىدەك قىلىۋېلىشى ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. كىيگەن كىيىملىرىچۇ تېخى، قايسى ئىقلىم، قايسى ئىرقنىڭ كىيىمىدۇر بىلمەيمەن. شۇنداق چى-

رايلىق رەختتە ساڭگىلۇۋاراڭ، چىپار قوڭغۇزنىڭ قاسىرلىقىدەك،
دەرۋىش - ئاشقلار كىيىۋالىدىغان ئالا - بۇلا جەندىگە ئوخشايدى-
غان كىيىملەرنى تىكتۇرۇپ كىيىدۇ. بۇ يەردە ئۇنداق نىمىنى
ساراڭمۇ ئۇچىسىغا ساپمايدۇ. پۇتىغا كىيگەن نىمىسىچۇ تېخى،
ئۇچى كەركىدانىنىڭ تۇمشۇقىدەك، پاشىنىسى ئاتنىڭ تۇيىقىدەك
سەت، غەلىتە بىر نىمە. ئەجدادىمىزدىن قالغان شۇنداق نەپىس،
نازۇك ئاياغلار ئۇنىڭغا ياربمايدۇ.

بىزنىڭ يۇرتقا يات ئەلدىن ئەجنەبىيلەر كېلىپ تۇرىدۇ،
ئەرلىرى، ئاياللىرىمۇ بار. قارىسام ئۇلار شۇنچە ساددا كىيىنى-
دىكەن، يۇزلىرىنى بىزنىڭ بۇ بالىدەك ئالا - يېشىل بويىمايدى-
كەن.

توۋا قىلدىم، ئۇمرىمدە قاراقاشىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ
باقمىغان بۇ بالا زادى كىمنى دورايدىغاندۇ، مەقسىتى
نىمىدۇ؟! ھەر كۇنى ئەتىگەن ناشتىمۇ قىلماي ئەينەك ئالدىغا
بىر بېرىۋالسا ئىككى - ئۇچ سائەت چىرايىغا رەسىم سىزغىنى
سىزغان. ئىشنى ئۇپا - ئەڭلىك، ئوسما بىلەن پۇتتۇرسىغۇ
مەيلى، ھەتتا قاش - كىرپىكلىرىنىڭ ھەربىر دانىسىنى قارا
سىياھ بىلەن بوياپ چىقىدۇ. يۇز - كۆزلىرىنى ئىندىئانلارغا
ئوخشاش نەچچە خىل رەڭدە بوياپ يۇرىدۇ. مەنغۇ بۇ بالىنى
رەسسامدا ئوقۇتمىغان، ھەتتا بىر تال تاياقنىڭ رەسىمىنىمۇ
رۇس سىزالمايدۇ. ئەمما ھېلىقىدەك گىرىم قىلىدىغان بولسا
ئۆزى ئۆزىگە ئوخشىماي قالىدۇ، باشقىلار بىر ئادەم بولۇپ
قېلىپ، ھەتتا مەن، دادىسى ۋە تۇغقانلىرىمۇ كىمدۇر ئۇ دەپ
قالىمىز، ئۇنىڭ يۇزىگە سىزغان رەسىمنى باشقا بىر ئۇستا
رەسساممۇ ئۇنچىلىك ئوخشىتالماس. ئەمدى يەنە بىر ئىش چىد-
قاردى. ئاشۇ قۇندۇزدەك سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ يۇڭلۇق

پىستىنىڭ بېشىغا ئوخشىتىپ قويغاننىڭ ئۈستىگە پەرەڭلەرنىڭ-كىدەك سېرىق بوياپ، چېچىمنىڭ نوچىلىقىنى كۆرسۈن دېگەن-دەك توختىماي كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ـ بۇ بېشىغىچە كۈندە نەچچە قېتىم قاترايدۇ. مۇشۇ يەردە تۇغۇلسا، مۇشۇ يەردە چوڭ بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭ رەڭگى ـ روپى، چېچىنىڭ قارا، سې-رىقلىقىنى بىلمەسمۇ؟! بۇ بالىنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرىغا قاراپ ئۇنىڭ نېرۋىسىنىڭ ساقلىقىغا گۇمان قىلىمەن.

توۋا «جاھان بازىرىدا مىڭ بىر غوۋغا» دېگەندەك، ئۆلمىسەڭ ھەر ئىشنى كۆرىدىكەنسەن. بۇ جاھاندا يەنە كېلىپ تەڭرىم كۆرىدىغاننى ئۆز پۇشتۇمدىن كۆرسەتتى. بۇ نىجىس ئىت بەچچە شەپەرەڭدەك كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى سىرتقا چىقىدۇ. جىن ـ شاياتۇن ئۇۋىسىغا ئوخشايدىغان، ئۆڭ-كۈردەك بىر ئۆيدە ساغرىسىنى كۆكۈيۈن چاققان ئېشەكتەك ھاللازلاپ، مايمۇندەك چىرقىرىشىپ، بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ جا-ھاننى بېشىغا كىيىدۇ. ئەجدادىمىزدىن قالغان شۇنداق گۈزەل، تەرەننۇم بىلەن ئوينىلىدىغان نەپىس ئۇسۇللار، سازلار، 12 مۇقامنىڭ جانغا ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى يېقىملىق كۈيلىرى، جەننەت پەرىلىرىنىڭ كۆركەم، رەڭدار لىباسلىرىدەك يارىشىم-لىق كىيىملەر ئۇلارغا يارىمامدىغاندۇ؟! ئاشۇ «رېستوران» دىكى شاياتۇن بەزمىسىنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ. ھەس-رەت، پۇشايمان سېزىملىرى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالىدۇ. ئا-شۇنداق بىر ئازغۇن بالىنى تەۋەللۇت قىلغىنىمغا مىڭ پۇشايمان-لار يەيمەن. ئۇ تېخى ئانامدىن، چوڭ موماMدىن قالغان ئالتۇن ئايخاڭزا، شاھ تاجىسىدەك كۆركەم زىرە ـ مونچاقلارنى ياراتـ-ماي، يارىيانىڭ چاقىسىدەك چوڭ تۆمۈر ھالقىلارنى قۇلىقىغا سېلىپ يۈرمەسمۇ. ھەي سارالڭ، ھەي ئەخمەق، شۇمۇ ئادەمنىڭ

ئىشىمۇ، تەڭرىم ماڭا مۇشۇنداق بالا ئاتا قىلغۇچە ئىت ـ مۇشۇك بەرسەڭچۇ!

چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان يېرى شۇكى، ئەدەب ـ ئەخلاق شەرمى ـ هايا دېگەن ئۇنىڭغا يات، يەنە كېلىپ هالال ـ هارامنى ئايرىمايدۇ. سېنىڭ ـ مېنىڭكىنى بىلمەيدۇ. ئۇچرىغاننى، ئالـدىغا كەلگەننى ئەجدىهادەك دەم تارتىدۇ. بالا دېگەن ئاتىقى بولـغاندىن كېيىن ئەدناسى قولىنى ئەگرى قىلىپ بىرەر چىلەك سۇ، تالادىن بىرەر تال تەمەچ چاغلىق نەرسىنى ئەكىرىپ بەرسىـچۇ كاشكى. مەكتەپ دېگەن يەردىن دوزاختىن قاچقاندەك قاچىـدۇ. نەچچە قېتىم سىنىپقا ئەكىرىپ قويسام ئۇستازىنى ئالداپ قاچتى. شۇمۇ بالىمۇ؟ بۇ بالا ئەمەس، بىز ئۇچۇن بىر بالا ـ قازا. ئۇ خۇددى قولدىكى ئالتىنچى بارماققا ئوخشايدۇ. كېسىـۋەتسە ئاغرىيدۇ، كەسمىسە ئىسكەت، ئابرۇيغا تەسىر يېتىدۇ.

ئۇلۇغ تەڭرىم، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭگە رەهىم قىلىپ، بۇ ئالتىنچى بارماقتىن ـــ بېشىمغا كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقتىن قۇتقۇزغايسەن!

## دوستلۇق ۋە مەسئۇلىيەت

(مەرھۇم دوستۇم ۋە ئۇستازىم قاھار جېلىلغا بېغىشلايمەن)

قاھار جېلىل مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستۇم ۋە ئۇستازىم ئىدى. مەن ئۇنى ھېلىمۇ ئۇرۇمچىدە نەنلىياڭدىكى قورۇسىدا ھايات يۈرگەندەكلا ھېس قىلىمەن.

ئاق كۆڭۈل، دىلكەش، ئۆزگىگە تولىمۇ كەڭ قورساق بۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بۇنداق ئالدىراپ خوشلاشقانلىقىغا زادى ئىشەنمەي كېلىۋاتىمەن. بۇ خىل تۇيغۇ گەرچە كۆلكىلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن مېنىڭ مەرھۇمغا بولغان چوڭقۇر دوستلۇقۇمنى، سېغىنىشىمنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس.

مەن قاھار جېلىل بىلەن كۆپ يىل بىللە ئىشلىگەن. ياشلىقىمىزنىڭ نۆۋەر چاغلىرىدىن باشلاپ دوستلىشىپ تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە تەقدىرداش ـ مەسلەكداش بولۇپ ئۆتتۇشكەن. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتىمەنكى: ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بۇ خىل دوستلۇق يىللارنىڭ، دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، خىيانەت غۇبارىدىن يىراق، ئىنساپ، ۋاپانى تەرك قىلمىغان ھەقىقىي دوستلۇق ئىدى. گويا ھايالىق ئۇرۇق ـ تۇغقاندەكلا ئۆتتۇشكەندۇق. شۇ ۋەجىدىن مەن ئۆزۈمنى مەرھۇمنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغانلاردىن بىرى دەپ ھېسابلايمەن. . . «دۇنيا ياخشىلار ئۈچۈن يارىتىلغان، يامانلار بولسا يوق بولۇپ كېتىدۇ»

دېگەندەك قاھار جېلىل تۆھپىسى بار، ھاتەم سوپەت شەخس. ھەقىقەتەن ئەسلىگۈدەك، تەربىيىنى قىلغۇدەك ياخشى ئادەم ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە دوستلۇقۇمنى ئىپادىلەش، قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى ئىزھار قىلىش مەقسىتىدە مەرھۇمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدە ئىپادىلىگەن ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، ئۆز يۇرتىغا، مىللىتىگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا تۆھپىلىرىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كىشىلىك قىممەت قارىشى جەھەتتىكى قاراشلىرىنى چامىمنىڭ يېتىشىچە يېزىپ قالدۇرۇشنى كۆپ قېتىم ئويلىدىم. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك بۇ جۇدالىقنى كۆڭلۈمدە خىيالەن ئېتىراپ قىلماسلىقتەك بىر يالغان تۇيغۇ بەزىدە غالىپ كېلىپ «ئۇنى ئۆلمىدى»، «ھايات» دەپ قاراپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ كەلگەن بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن دوستۇمنىڭ سۈپەتلىرىنى كامالىغا يەتكۈزۈپ يازالماي ئۇنى ياد ئېتىدىغانلارنىڭ، دوست ـ يارانلىرىنىڭ تەنىسىگە قالماي، دەپ ھېلىغىچە قەلەم تەۋرەتمەي كېلىۋاتقانىدىم.

قاھار جېلىل ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تۇنجى قېتىم يەتلىگەن چېغىمدىلا تامدىكى ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، ھاياتتەكلا قاراپ تۇرغان سۈرىتىگە قاراپ خىجىللىق ئىچىدە بۇ چولتا ئەسلىمىنى يېزىش قارارىغا كەلدىم. ئۇ ماڭا «قانداق، دوستلۇق بۇرچۇڭنى قانچىلىك ئادا قىلدىڭ...؟» دەپ سوئال نەزەرىدە قارىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ دىلدارىغا قاراۋېتىپ كۆزۈم ياشقا تولغان ھالدا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ قەرزدار ئىكەنلىكىمنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

گەرچە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىش، قەبرىسى-

نى قاتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا دوستلۇق بۇرچۇمنى بولۇشىچە ئادا قىلغان بولسامۇ، يۇرتتا ئۆنىڭغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن نەچچە يۈزلىگەن كىشى قاتناشقان ماتەم مۇراسىمىدا خوتەندىكى بىر مىليون 500 مىڭ خەلققە، ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ياش تۆكۈپ تەزىيە نۇتقى سۆزلىگەن بولسامۇ، يەنىلا دوستلۇق قەرزىمنى ئادا قىلالمىغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم.

مەن قاھار جېلىل بىلەن 1964 ـ يىللىرى تونۇشقان. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ مىجەزىدە ھېس قىلغان بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ تولىمۇ كەمتەر، تەمەننا، تەكەببۇرلۇقتىن يىراق، دېموكراتىك ئىدىيىگە باي كىشى ئىدى. دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى ئارىسىدا چوڭچىلىق قىلمايتتى. ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ تۇرۇۋالمايتتى. ئەل ئارىسىدا «ئىككى دوستنىڭ بىرى ھامان يەنە بىرىگە قۇل بولىدۇ» دەيدىغان بىر سۆز بار. بۇ بەلكى دوستلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئوخشاشماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتىلغان سۆز بولسا كېرەك. لېكىن، قاھار جېلىل خىزمەتداشلار، دوستلار ئارا ھەرگىز ئېگىز ـ پەسلىك تالاشقان ئەمەس. گەرچە ئۇ بىلىم دائىرىسى خېلىلا كەڭ، ماڭا نىسبەتەن ئۇستاز سۈپەتلىك بىر ئادەم بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئىلمىي مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغان چاغلىرىمىزدا مېنىڭ بەزى قاراشلىرىمغا «سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا» دەپ قايىل بولغانلىقىنى، باشقىلار بىلەن بولغان ئىلمىي مۇنازىرىلەردىمۇ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئۇچراتقانمەن. دېمەك، قاھار جېلىل خىزمەتداشلىرى بىلەن باراۋەر، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلاتتى. باشقىلارغا تەلەپچان بولۇپ، سەۋەنلىكلىرىنى

كۆرمەسكىنمۇ سالمايتتى. دوستلىرىغا تولىمۇ كۆيۈنەتتى.

بىر ئىش مەڭگۈ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. 1987 - يىللىرى ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ بالنىستتا يېتىپ قالدىم. شۇ چاغدا قاھار جېلىل دەم ئېلىش، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن خوتەنگە كەلدى. ئۆز يۇرتۇم بولغاچقا كۈتۈنۈش شارائىتىم ياخشى ئىدى. لېكىن مەرھۇم رۇخسەت ۋاقتىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، بىر نەچچە كۈن ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېسىلىمگە قارىدى. ئۇ ئايالىمنىڭ تەشەككۇرىغا جاۋابەن «كېسەل دېگەن تاماق، دورىغىلا موھتاج ئەمەس، روھى زەئىپلىشىپ كېتىپتۇ. گۇڭ - مۇڭ ئولتۇرساق روھى كۆتۈرۈلۈپ قالار» دېدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ دوستلۇق ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلغانىدىم.

1983 - يىلى تەشكىل مېنى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇللۇقىغا يۆتكىدى. ئۇ چاغدا قاھار جېلىل خوتەندە دەم ئېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ماڭا: «ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئەمدى سەن بىر ژۇرنالنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قالدىڭ، بۇ ژۇرنال ناھايىتى تەس ئەھياغا كەلگەن. ئۇنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي يەنىمۇ ياخشى چىقىرىش كېرەك. ژۇرنال كىچىك بىر مۇئەسسەسە بولغىنى بىلەن بىر نەشرىياتنىڭ ئىشىنى تەكرارلايدۇ. بۇنى ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. بىلمىگەننى باشقىلاردىن سورىغىن، خوتەندە ساپاسى ياخشى ئەدىبلەردىن خېلى بار. شۇلارنىڭ ياردىمىگە تايان. مۇھىمى ئۆزۈڭنىڭ تىرىشچانلىقى، ھالاللىقى ئاساس. ئەلدە «ئادەم بولماق ئالىم بولماقتىن تەس» دەيدىغان گەپ بار. تەھرىرلىك خىزمىتىدە خىزمەتنى ئادىل ئىشلىمىسەك، بىر چىنە سۇنى تەكشى كۆتۈرمىسەك بولمايدۇ. گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق ئىللەتلىرىدىن قاتتىق

ساقلانغىن. ساڭا يەنە بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قوياي: تەھرىر
بولغۇچى ئۆز خىزمىتىگە پۇختا بولغانلىقى سىرتىدا يەنە بەلگە-
لىك ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، ياخشى تەسىرگە ئىگە
ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرۇشى لازىم. بولمىسا ئاپتورلار
ئېتىراپ قىلمايدۇ. تەھرىرلىك نوپۇزۇڭ بولمايدۇ. سەن، بىز
ئىجادىيەت سېپىگە تولىمۇ كېچىكىپ كىردۇق. بەدىئىي تەربى-
يىلىنىشىمىز چولتا. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىمىزنى يېرىم
يولدا قوشۇلغان ھەمراھلار دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇڭا جاپاغا چى-
داپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى،
مەمتىمىن ھوشۇر، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئوسمانجان ساۋۇت
قاتارلىق ئەدىبلەرنى ئۇستاز تۇتساڭ بولىدۇ. سەندە ئەدەبىي دىت
بار، قىزىقىش بار، تىرىشساڭلا بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالاي-
سەن. . .» ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنىڭ كېيىنكى 10 نەچچە
يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتىمدە زادى ئېسىمدىن چىقمىدى. گويا
بىر ياخشى رىسالىدەك ماڭا توغرا يول كۆرسەتتى. قاھار جېلىل
كېيىنكى كۈنلەردىمۇ تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ خىزمىتىگە قارىتا
كۆپلىگەن تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىپ تۇردى. خوتەنگە كېلىپ
ئاپتورلارغا دەرس ئۆتتى. ئۆزىگە بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان
بىر ئورۇننىڭ خىزمىتىگە بولغان بۇنداق خالىسانىلىق، جان
كۆيەرلىك ھەممە كىشىدە تېپىلىۋېرىدىغان خىسلەت ئەمەس.

گىزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قاھار
جېلىل «يېڭى قاشتېشى» ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلارنىڭ
بىرى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1979 ـ يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم
تەشۋىقات بۆلۈمى مەرھۇمنىڭ تەكلىپى، كەسپىي جەھەتتە يار-
دەملىشىشى بىلەن دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىش-
لاپ بىر سان ژۇرنال چىقىرىدۇ. ژۇرنال ھەرساھەنىڭ قوللىشى

بىلەن سۇپەتلىك، سەۋىيىلىك چىققاچقا، جايلاردا ياخشى تەسىر قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ژۇرنالنى «يېڭى قاشتېشى» نامىدا پەسىللىك ژۇرنال قىلىپ، داۋاملىق تارقىتىشنى تەستىقلايدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ژۇرنال 17 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 6 ـ 7 مىڭ تىراژدا 90 سان ژۇرنال مەملىكەت ئىچى، خەلقئارا‌غا تارقىتىلدى. نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يۈزلىگەن قەلەمى پىشقان ئەدىبلەر ژۇرنالدىن ئىبارەت مەكتەپتە تەربىيىلىنىپ چىقتى...

دېمەك: بۇ شانلىق تۆھپىلەرگە مەرھۇم قاھار جېلىلنىڭ قان ـ تەرى، جاپالىق ئەجرى سىڭگەن. بۇ ھەممىگە ئايان.

.

ئاھ پەلەك قىلدىڭ بۈگۈن بىزنى قەدىردانىدىن جۇدا،
خۇشپېئىل، كەمتەرۇ ـ دىلكەش، خۇلقى ئوبدانىدىن جۇدا.
ئالىمىڭدە ئادىمىڭ كۆپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس،
بىزنى قىلدىڭ چىن، ھەقىقىي ئەھلى ئىنسانىدىن جۇدا.
پەسلى كۈز، باغلاردا گۈلنىڭ بەرگىدىن قان تامچىدى،
ئەيلىدىڭ، ئاھ! خۇش ئاۋاز بۇلبۇلنى بوستانىدىن جۇدا.
نە ئېتەي نالەمگە خانەم كەلدى تار، ئالەمۇ ھەم،
بىۋاقىت قىلدىڭ ئەجەب شۇڭقارنى ئاسمانىدىن جۇدا.

(ئابلەت قادىرنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 94 ـ يىلى 6 ـ سانىدىن ئېلىندى)

بۇ خوتەندىكى قەلەمكەشلەرنىڭ قاھار جېلىلغا تۆككەن كۆز يېشىنىڭ ئىزھارى.

شۇنداق! قاھار جېلىل بىزنى تاشلاپ كەتتى. ياخشى بىر

ئەر ئارىمىزدىن كېتىپ، گويا كۆكتىن چولپان ساقىغاندەك بولدى. راستىنى ئېيتسام، مەرھۇم ھايات چېغىدا ئۇنىڭ يۇرت-تىكى ئىناۋەت دەرىجىسىنى، ھۆرمەت - ئېتىبارىنى تازا توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن ئىكەنمەن. ئىجادىي ئەمگەكنىڭ، بىر ئىجاد-چىنىڭ ئەل ئىچىدە بۇنچىۋالا قەدىرلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتىمەن.

مەن ھېلىغىچە يۇرت چوڭلىرىنىڭ، مۆتىۋەرلەرنىڭ ناماز-لىرىغىمۇ قاتناشقان، لېكىن قاھار جېلىلىنىڭ نامىزىغا كەلگەن ھازىدارلارنىڭ شۇنچە كۆپلۈكى مېنى ھەيرەتتە قالدۇردى. خو-تەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن باشلاپ ئۇ ئوقۇتقان يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار، ئەدىبلەر، ھەر ساھە كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭرى مەھەللىسىدە ئادەم دېڭىزى ھاسىل بولدى. ھەممىنىڭ كۆزى ياشلاندى. جىمى يورۇقلۇق ساھىلى ھازا تۇتتى. . . مەرھۇمنىڭ ئۇ ئالەمگە كەتكىنىگە ھازىر ئىككى يىلدىن ئاشتى.

بۇ جەرياندا ھاياتىكى بەزى ئۆتكۈنچى ئىشلار ئەستىن كۆ-تۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئادىمىيانە سۈپەتلىرى، ئېسىل پەزىلىتى، غايە - ئىستەكلىرى ئۇنتۇلغىنى يوق. بىز ئۇنىڭ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، روھىنى خۇش قىلىمىز.

1996 - يىلى 8 - ئاي

# يول ۋە ئادەم

تىلىمىزدىكى «يول» دېگەن بۇ ئىبارە گويا كائىناتتەك بىپايان، دېڭىزدەك چوڭ ۋە تېرەن مەنىگە ئىگە. ئۇ ئادەملەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنىلا ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ پانىي دۇنيادىكى بارچە ھاياتلىق پائالىيىتىنى يۇرۇشلەشتۇرىدىغان، كاپالەتلەندۇرىدىغان ئالتۇن سەھنە.

ئىنسان بالىسى ئانا قورسىقىدا تەۋەللۇت بولغاندىن تارتىپ تاكى لەھەتكە كىرىپ كەتكۈچە ئەنە شۇ يولدا گويا مەڭگۈلۈك دېۋىگاتىلدەك توختاۋسىز مىدىرلاپ، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىدۇ. ئاشۇ يولدا مېڭىپ بىر ــ بىرى بىلەن ئالاقە باغلايدۇ، تىرىكچىلىق قىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ؛ يولدا مېڭىپ سودا ــ تىجارەت قىلىدۇ؛ يولدا مېڭىپ تەبىئەتنىڭ، دۇنيانىڭ سىرىنى ئاچىدۇ؛ يەنە شۇ يولدا مېڭىپ رەقىبىگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. . .

يول ــــ يىراقنى يېقىن قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى بىر ــ بىرىگە چاتىدىغان ئۈزۈلمەس پولات ئارغامچا. بىز دائىم تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان يىپەك يولى، دېڭىز يولى، كارۋان بۇيۇك. . . دېگەنلەر بۇنىڭ تارىخىي شاھىدى.

ئەنە شۇنداق زۆرۈرىيەتتىن ئىنسانلار يول ياسىغان، ياسىدى ۋە ئۈزلۈكسىز ياساۋاتىدۇ. تاغ، سەھرالاردىكى چىغىرلاردىن تارتىپ توپا يوللارنى، تاشيوللارنى، ھازىرقى زاماندا ياسىلىۋاتقان زامانىۋى سىترولۇق يوللارنى، تۆمۈر يوللارنى خىيا-

لەن تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تارقىلىش شەكلىنى، كۆپلۈكىنى گويا ئادەم بەدىنىدىكى مىليونلىغان تۇتاش قان تومۇرلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. مۇبادا يول بولمىغان بولسا ئادەملەر چېگرىسى يوق دەشت - باياۋانغا تاشلىۋېتىلگەن ئەماغىلا ئوخشاپ قالغان بولاتتى. بۇنى ھەتتا يولنى پىيادە ماڭغانلار تۈگۈل ئايروپىلان بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلغان بەختلىكلەر، پويىز، پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ سەپەر جاپاسىنى كۆرمىگەن پۇلدارلار؛ ئۇچقۇر ئاتلاردا تاغ ئاشقانلار؛ تۆگە، ئېشەكلەردە چۆل - دەشتلەرنى كەزگەنلەرمۇ بىلىپ يېتەلەيدۇ.

مەن يېقىندا خەلقئالەم ئىچىدە ئۆلۈم دېڭىزى، تىلسىم ماكانى دەپ ئاتىغى چىققان، تەكلىماكان باغرىنى كۆكەرتكەن تارىم، يورۇڭقاش دەريالىرىنىڭ زىلال سۈيىدەك، گويا قۇياشلىق ئەتىگىنى بۇلۇت ئاراشلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتكەن رەڭدار نۇر تالالىرىدەك، زەبەردەست پەھلىۋاننىڭ زەر كەمىرىدەك يالتىراپ، بۇ پايانسىز دەشت - چۆلنىڭ بوي - بەستىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرغان، كىشىلەر «ئوتتۇرا تارىم يولى» دەپ ئاتىغان داغدام يولدا سەپەر قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ماشىنا بۇ سىرلىق چۆلنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

كۆزۈم، نەزىرىم ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىدا قېلىۋاتقان شەكىللەرگە، قىياپەتلەرگە، نەرسىلەرگە تىكىلگەن، خىياللىرىم مۇشۇ قەدىمىي سىرلىق چۆلدەك مۇرەككەپ ۋە مۇئەممالىق يول بويىدا ئۆسكەن يۇلغۇن، قومۇش مايسىلىرى چۆل سەلكىنىدە يېنىك تەۋرىنەتتى. ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىدا ئاپتاپسىنىۋاتقان پاتمىچۇق، كەسلەنچۈكلەر يىراقلارغا قېچىشاتتى. قۇرىغان، سۇنغان توغراق، يۇلغۇن قاقشاللىرى گويا يەرگە كۆمۈلگۈسى

كەلمىگەندەك، ئېچىنىشلىق تارىخنى سۆزلىگۈسى باردەك، ئۇيان - بۇيان ئۆتىۋاتقانلارغا بىزنىڭ ھالىمىزنى سوراپ، شىكايىتىمىزنى ئاڭلا دېگەندەك مۇڭلىنىپ، يېرىمى قۇم ئاستىدا چوقچىيىپ تۇرۇشاتتى. بىر زامانلار تاشقىنلاپ سۇ ئاققان ئېقىنلارنىڭ ئىزى، سېغىزلىقلار گاھى - گاھى كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

ناۋادا سىز جۇغراپىيەشۇناس ياكى ئاسارىئەتىقە ھەۋەسكارى بولسىڭىز ھېچبولمىغاندا تارىخىي تەتقىقات نەزەرى بىلەن يول بويىدا كۆرگەنلىرىڭىزنى ئانالىز قىلىپ كۆرسىڭىز سەھرايى كەبىر چۆلىدىنمۇ قورقۇنچلۇق دەپ قارىلىپ كەلگەن تەكلىماكاندا سۇ باشلاپلا تېرىغىلى بولىدىغان تۈزلەڭ يەرلەر، چەكسىز كەتكەن توغراق ئورمانلىقلىرى، يۇلغۇنزارلىقلار، تېخى يېقىندىلا پادىچى تاشلاپ كەتكەندەك چىمەنزارلىق يايلاقلار، ئېگىسىز قالغان باغ - ۋارانلارنىڭ ئىزنالىرىنى، تۈرلۈك - تۈمەن ئۇچار قانات، جانىۋارلارنى چېلىقتۇرىسىز. نەلەردىندۇر نامەلۇم يەگىتىنىڭ باغ كەينىدە يارىغا بەلگە بېرىپ چالغان نېيىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى پەپىلەپ ئوقۇغان ئەللەيى ناخشىسى، كىشىلەرنىڭ مول - ھوسۇلنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزگەن مەشرەپ ساداسى؛ قوي، كالا پادىلىرىنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. تەكلىماكان چۆلىگە نىسبەتەن بەل تۇتۇشۇپ باقمىغان رەقىبىدىن ئۆكۈنگەندەك، جىن - ئالۋاستىدىن ئەيمىنىپ يۈرگەندەك تۇيغۇدا بولۇپ كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈن بۇ بايانلار تولىمۇ غەلىتە، تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرالمىغۇدەك بىر ئىش. ئەمما بۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىق ئەسىرلەر بويى ئۆز باغرىدا ھاياتلىق ئامىللىرىنى ساقلاپ، گويا جەڭدە ئەسىرگە چۈشكۈسى كەلمەي ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئېلىشىۋاتقان جەسۇر

جەڭچىدەك قەدىمىي سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ گۇۋاھ-چىسى بولۇپ تۇرماقتا. بۇلار ئەجدادلىرىمىز مۇز دەۋرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارىم، جۇڭغار، تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا يارات-قان هازىر قۇم ئاستىدا قالغان مىسلىسىز باي، ئاۋات شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ، هۇنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ جانلىق ئابىدىسىدۇر. بۇلارنى تەكلى-ماكانغا كىرمىگەنلەر، ئوتتۇرا تارىم يولىدا ماڭمىغانلار ھېس قىلالمىسا كېرەك. تەكلىماكاننىڭ سېھرىي ھېكمىتىنى چۈشەن-ەلمىسە كېرەك. يول بولغاچقىلا، يول ياسالغاچقىلا سېھرىي پىنھان ئاشكارا بولدى، بولۇۋاتىدۇ.

بىزنىڭ يېزا، سەھرالىرىمىزنىڭ شۇنچە تېز شەھەرلىشىپ بېرىشى، سودا، نەقلىيات، هۇنەر ـ سەنئەت، مۇلازىمەت ئۇچۇر ۋە مەدەنىيەت ئالمىشىشىنىڭ ئوقيا تېزلىكىدە تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي مەنىۋى ئامىللار بىلەن بىرگە يول راۋانلىقىنىڭ مۆجىزىسىدۇر. ۋاقىتنىڭ تاناۋىنى تارتىپ ئۆلكە بىلەن تاغنى، شەھەر بىلەن يېزىنى، يىراق بىلەن يېقىننى ئۇلىغان داغدام ماي يوللاردا گويا موكىدەك ئۇيان ـ بۇيان قاتناۋاتقان سانسىز ئاپتو-موبىللار، تراكتورلار، هارۋىلار. . . بۇ هۆكۈمنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

مۇبادا يۇرت، مەھەللىمىزدىكى شۇ قەدىمىي چىغىر يوللار-نى، يىلان باغرى ئەگىم يوللارنى، دۇتارنىڭ پەدىسىدەك كاتاڭ، پاتقاق يوللارنى ئۆزگەرتمىگەن بولساق، بۇگۈنكى كۈندە خۇددى ئەزىم يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ كەلكۈننى كىچىك ئېرىقتا باشلى-غاندەك توپان بالاسى يۈز بەرگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يول ياساش، يول ياسىغۇچىنى ئۇلۇغلاش كېرەك. بۇ بىر ئەقەللىي يەكۈن. ئىنسانلار ئەلمىساقتىن بۇيان هايات ئەمەلىيىتىدە ئىنس-

پاتلىغان، خوتەنلىكلەرمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قايـ-
تا سىناقتىن ئۆتكۈزگەن بىر ئۆلمەس ھەقىقەت. بىر چېتى
پايانسىز دەشت - قۇم، يەنە بىر چېتى كۆك-قاپـتەك سىرلـىق
تاغ - جىرا ئارىسىغا قىستالغان خوتەننىڭ شەھەر، سەھرالىرى-
دىكى تاناپتەك تۇز، ئەينەكتەك سىلىق، راۋان يوللارنى كۆر-
گەن، ئۇنىڭدا مېڭىپ باققان، ئۇنىڭدىن ئۇنۇم ۋە ئاراملىق ھېس
قىلغان ھەر قانداق كىشى يول ياسىغۇچىغا، يولغا ئەجىر سىڭـ-
دۈرگۈچىگە:

ئېھ يوللار، ئۇزۇلمەس رىشتىسەن،
ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلىغان.
سەن بىلەن بۇ يىپەك دىيارى،
جاھانغا تونۇلغان، تونۇغان.

سەن گويا بىر قامۇس، ھەر بېتىڭ،
سۆزلەيدۇ بىھېساب كەچمىشنى.
سەندىكى ھەر رابات بىر قىسسە،
سۆزلەيدۇ ئارمانلىق بىر چۈشنى.

دېگەندەك ئاپىرىن ناخشىسىنى ئوقۇماي قالمايدۇ.

# قىسمەت

شادىيانە ساز، كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان يېقىملىق ناخشا ياڭراپ تۇرىدىغان كاتتا رېستوراندا نەچچە ئون خىل ئېتىملىق تاماق تىزىلغان، ئېسىل مەي قۇيۇلغان رومكىلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى، «خوشە» سادالىرى ياڭراپ تۇرىدىغان شاھانە داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ئىككى خىل ھالەت كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. بىرى، مۇشۇ يەردىكى سىنەلىرىدە غەم - تەشۋىشتىن ئەسەر يوق كىشىلەرنىڭ ھەر ۋاقىت تەبەسسۇم - كۈلكە يېغىپ تۇرغان سېمىز، مەينىڭ كۈچىدىن قىزارغان غەمسىز، كۈلگۈن چىرايلىرى بىلەن تاماق شىرەسىدىكى ئېغىز تېگىشكىمۇ چولىسى تەگمەيدىغان، سوۋۇپ كېتىۋاتقان، يەپ يېرىمشىمايلا يۇندا چېلەكلىرىگە تۆكۈلۈۋاتقان خىلمۇ خىل گۆشلۈك ئالىي تاماقلار...

يەنە بىرى، يىراق سەھرادا ئېتىزنىڭ بېشىدىكى جىگدە سايىسىدە قاتتىق زاغرىنى سوغۇق سۇغا تۆگۈرۈپ تەستە يەۋاتقان ھارغىن، تومۇز ئاپتىپىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن تولا چىراي دېھقان ۋە ئۇنىڭ ئاق نانغىمۇ ئېرىشەلمىگەن غورىگىل داستىخىنى...

ھەي، ئاللا ياراتقان بۇ بەندىلەرنىڭ قىسمەت نېسىۋىسىدە پەرق نېمانچە چوڭدۇ؟

تەڭرى جىمى مەخلۇقلارنى، ئىنساندىن تارتىپ تاكى چەرەن-

ـدە ـ پەرەندىلەرگىچە ھەممىسىنى پانىي ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغاندا ئۇلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى، ئۆمرىنى، رىزقىنى، نەدە يېتىپ، نەدە يۈرۈشىنى، نېمىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ، قانداق شەكىلدە ھايات كەچۈرۈشىنى، قانداق بەخت ـ تەلەي، دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرىشىنى ئېنىق يېزىپ قويغان دەيدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، ئاللا ئۇلارنى تەقدىر ـ قىسمەتتە پۈتۈلگەن ئۆمرىنى تولۇق سۈ-رۈش، ئۇلۇغ ئاللادىن ئۆزگە ھەرقانداق بەندىگە بەندە بولماي، ھۆر ـ ئازاد ياشاش بەختىگە مۇيەسسەر بولۇشقا ھوقۇقلۇق قى-لىپ ياراتقان. شۇڭا، بارچە مەخلۇقلار زېمىن، تەبىئەت ۋە كائىنات ئالدىدا خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش نوپۇسقا ئېلىن-غان، باراۋەر، ئېھتىياجلىق مەخلۇقلاردۇركى، ھېچكىمنىڭمۇ ئۇلارنى مېنىڭ مۈلكۈم، رىزقىم، خالىسام يەيدىغان، خالىسام قۇل قىلىپ مىنىدىغان، قەپەس ـ قوتانلارغا سولاپ ھۆرلۈكتىن مەھرۇم قىلىدىغان نەرسەم دېيىشكە ھەققى يوق. ھەركىم ھەق-قۇل ھېساب بىلەن ئۆز ئورنىدا ياشاپ ئۆز رىزقىنى يېسۇنكى، ئۆزگىنىڭ رىزقىغا قول سوزمىسۇن، ھەممىسى مېنىڭ، جىمى مەخلۇقلار مېنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان دەيدىغان يولسىز پەتىۋانى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنمىسۇن!

گەرچە بۇ بىچارە جانىۋارلارنىڭ، ئۇچار قاناتلارنىڭ، چە-رەندە ـ پەرەندىلەرنىڭ سۆزلەشكە زۇۋانى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئىنساپىدىن، كۆتكەن ئارزۇ ـ ئارمىنىدىن ئىبا-رەت.

# ۋاپادارلىق

مېنىڭ بىر توپ كەپتىرىم بار. ئۇلارنىڭ ئۇچۇق پىلەك، ئويۇنچى دەيدىغان ھەر تۈردىكى سورتلىرى، سۇپەتلىرى قوشنىلىرىمنىڭ، يېقىن ئەتراپتىكى كەپتەرۋازلارنىڭ ئېغىزىدا داستان. ئۇلار كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، ئىككى چاقىرىم كەڭلىكتىكى دائىرىدە يايراپ ئايلىنىشقا باشلىسا، بالىلىرىم، قوشنىلىرىم ئاسمانغا قاراپ كۆزىنى ئۈزەلمەي دوپپا - تۇماقلىرىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ سېزىشمەيدۇ. كەپتەرلىرىمنىڭ گاھى بىرلىرى ھەتتا قوشنا ناھىيە، چېگرىداش ۋىلايەتلەردىن ئازماي قايتىپ كېلىپ يۇرتتا داڭ چىقاردى. باھاسى قويىنىڭ، ئاتنىڭ باھاسىغا تەڭلەشتى. لېكىن مېنىڭ بۇ كەپتەرلەرنىڭ ئاشۇ ئەۋزەللىكلىرىدىن ھېچقانداق بەھرە ئالغىنىم يوق. كىشىلەرنىڭ سوغۇقى ئېشىپ قالغاندا گۆشىنى يەپ، قېنىنى تېنىگە سۈركەپ داۋالىنىدىغان باچكىسىنىمۇ يەپ كۆرمەيمەن. پەقەت ئۇنىڭ بىرلا ئىشىغا زوقلانغانلىقىمدىن ئۇنىڭغا يىل بويى دان، سۇ بېرىپ بېقىپ كېلىۋاتىمەن، پەرۋىش قىلىمەن.

كەپتەرلىرىم گۇمىدىن چىقىپ ئوينىغىلى ياكى دان ئىزدىگىلى يىراق - يىراقلارغا كېتىپ قالسا يەنە پەغىزىگە قايتىپ كېلىدۇ. ھايات بولسىلا قوشنامنىڭ بالىلىرىدەك «كىم بىجىق (ئەمچەك) بەرسە ئانام شۇ» دەپ ياتنىڭ يېرىدە تۈنەپ قالمايدۇ، دوست تۇتمايدۇ، قېرىپ قالسىمۇ ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسىگە قۇرۇل-

غان كەپتەرخانىدا ئۆزى تۆرەلگەن ئاشۇ كونا، كۆرۈمسىز كۇ-
ۋۇكتا جان ئۈزىدۇ. ناۋادا رەھىمسىز ئوۋچىنىڭ قىلتاق -
قىسماقلىرىغا چۈشۈپ قالسىمۇ جېنى ئامان بولسىلا ھامىنى
قايتىپ كېلىدۇ ۋە كەلدى.

ئەپسۇس! قوشنامنىڭ ئۈچ ئوغلى بولسا ئاتا - ئانىسىنىڭ
يۈرەك قېنى بىلەن ئۈچۈم بولۇپ ئۆيىدىن بىر چىقىپ كەتكەنچە
قايتىپ كېلىشەلمەي ياۋا قۇشتەك نەگىدۇر يوقالدى. ئاشۇ ئۈچ
ۋاپاسىزنى ئىسسىق جېنىدىن باشقىنى بېرىپ چوڭ قىلغان ئاتا
بىلەن ئانا ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تەلمۈرگىنىچە غۇربەتچىلىك،
ھىجران ئازابىدا ئارقا - ئارقىدىن جان ئۈزۈپ، مېيىتى بالىلار-
سىز مىسكىن ھالدا ئۈزىتىلدى. شۇڭا، ھەقلىق ھالدا ئۆز -
ئۆزۈمگە قوشنامنىڭ ھېلىقى لەنىتى تۇزكور ئۈچ ئوغلىدىن
مېنىڭ كەپتەرلىرىم ياخشى... دەيمەن.

# تەڭرى كەچۈرەرمۇ

ئۆزۈمنى ئەخلاق ئۆلچەملىرىدە كېمى يوق، كىشىگە زىيىنىم تەگمەيدىغان، خەقكە بوزەك بولمايدىغان، بوزەكمۇ ئەتمەي ھەققول ھېساب بىلەن ياشايدىغان ھالال ئادەممەن دەپ خام كىكىرىپ يۈرۈپتىمەن تېخى. ئەمما يېقىندا، قىسقا بىر سەپەر جەريانىدا ئۇچراتقان كىچىككىنە بىر ئىش ماڭا كىشىلىك قىممەت قارىشىمنىڭ تولىمۇ يۈزە، بەك شەخسىيەتچىل ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدۇردى.

بىر ئاي بۇرۇن مۇساپىسى ئاران 20 كىلومېتىرچە كېلىدىغان يېقىنلا بىر ناھىيىگە ئاپتوبۇستا خىزمەت بىلەن كېتىۋاتاتتىم. ماشىنا ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، شوپۇر پۇل ئۇچۇنمۇ ياكى يولۇچىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش نىيىتىدىمۇ ماڭدامدا بىر توختاپ، ئۇچرىغانلا ئادەمنى قويماي تېرىپ ماڭغاچقا، ئورۇندۇقلار ئارىسىدا قولنى مىدىرلاتقۇدەكمۇ بوش ئورۇن قالمىغانىدى. مەن ئورۇندۇقنىڭ لېۋىدە، چىققان - چۈشكەن يولۇچىلار - بازارچىلارنىڭ خۇرجۇن، سومكىلىرىدىن كىيىملىرىمگە يۇققان توپىلارنى قېقىۋېتىپ «ھەي! سەھرالىق دېگەننى. . .» دەپ ئۇلاردىن رەنجىپ ئولتۇراتتىم، يول ئوتتۇرىلاشقاندا، ماشىنا بىر كىچىك ئۆتەڭدە قاتتىق تورمۇز بىلەن سىلكىنىپ توختىدى. ئۆرە تۇرغان يولۇچىلار زەمبىلدىن تۆكۈلگەن كېسەكتەك ھەممىسى يىقىلىپ، ئاندىن يەنە بىر -

بىرلەپ قوپۇشتى. ئاربدىن بىرەيلەن ئەلەم بىلەن شوپۇرغا ئاڭ-لىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— قانداق گەپ بۇ، دۇتارنىڭ پەدىسىنى باسقاندەك غىيرىچ-تا بىر توختاپ، بۇ ياكى قەلەندەرنىڭ ئىشكى بولمىسا، ھەر-كىمنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختاۋېرىدىغان.

شۇ ئارىدا ئاپتوبۇسنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ 25 ياشلار چامى-سىدىكى بىر بالىلىق ئايال ماشىنىغا قىستىلىپ، تىقىلىپ دې-گەندەك تەستە چىقتى ـ دە، كۆچەپ سىغدىلىپ، مېنىڭ يېنىم-غىلا كېلىپ توختىدى. ئۇ خۇددى قاقىقان قوزۇقتەك قىستىلىپ تۇراتتى. بىر قولىدا بالا، يەنە بىر قولىدا لىق نەرسە قاچىلانغان بوغچىسى بولۇپ، بوغچا تۇتقان قولىنى ئۈستىگە ئالالماي ئاۋارە بولاتتى. ماشىنا قوزغىلىپ كاتاڭ بولۇپ كەتكەن يولدا سۈرئى-تىنى تېزلەتكەچكە، ئۆرە تۇرۇشقان يولۇچىلار تەۋرەشكە باشلى-دى. ماشىنا سۇ ئۆتكۈزگەن بىرەر ئېرىق ياكى ئويماندىن ئۆت-كەندە ئاۋۋالقىدەك قاتتىق سىلكىنىپ يولۇچىلارنى چايقايتتى. بالىلىق ئايالمۇ خۇددى كۆچلۈك شامالدا ئىغاڭلىغان قومۇش مايسىسىدەك ئۇياق ـ بۇياققا ئىغاڭلاپ كېتەتتى. ماشىنا ھەر قېتىم قاتتىق سىلكىنگىنىدە بوغچىنى تاشلاپ، ئۇدۇللا كەلگەن بىرسىنىڭ دولىسىنى ياكى قولىرىنى تۇتۇۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئۇل-گۈرەلمىسە ئالدى ـ كەينىگە، يېنى بولۇپ باشقىلارنىڭ ياردىمى-دە ئۆرە بولاتتى. بالا ئانىسى ھەر قېتىم تەۋرىگەندە ياكى قىستى-لىپ ئارامسىزلانغاندا تەڭ يىغلايتتى. مەن ئايالنىڭ بۇ ئەھۋالىغا پەرۋا قىلماي، ئورۇندۇققا ئېرىشكەنلىكىمگە ئىچىمدە خۇرسەن بولۇپ خىرامان ئولتۇراتتىم. توساتتىن يېنىمدا دېرىزە تۈۋىدە ئەتىدىن بېرى پاپىرۇس چېكىپ كۆزنەكتىن بىرى سىرتقا قاراپ نېمىنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرغان، ئۆسكىلەڭ چاچلىق، كونا كاس-

تۇم، تار پۇچقاقلىق ئىشتان كىيگەن ئورۇق، قىسىق كۆز 20 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — خېنىم، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، بالا بىلەن بەك قىينىلىپ كەتتىڭىز — دېدى.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە، — دېدى ئايال مەمنۇنىيەتلىك نەزەردە يىگىتكە بېقىپ.

— ھە، بارىسىلا، قويۇپ بەرگەندىكىن ئولتۇرمامىلا، بەك ياخشى قىلدى بۇ يىگىت، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا ئىسسىق نەزەردە قارىشىپ. ئايال بۇ يوچۇن يىگىتكە قايتىلاپ رەھمەت ئېيتىپ، بىكارلانغان ئورۇنغا چۆككەندىن كېيىن، توختىماي يىغلاۋاتقان بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى. ھايال ئۆتمەي بالا ئۇخلىدىمۇ ياكى ئاراملىقتىن يىغىسى پەس بولدىمۇ جىمىپ قالدى. ئايالنىڭ چېھرىدىمۇ خاتىرجەملىك جىلۋە قىلدى. ئۇ دەممۇ دەم ئۆزىگە ئورۇن بەرگەن يىگىتكە ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ قوياتتى. لېكىن يىگىت ئاپتوبۇسنىڭ تۆمۈر جاھازىسىنى تۇتۇۋالغان ھالدا ئۆرە تۇرۇپ نەلەرگىدۇر قاراپ خىيال سۈرەتتى. مەن باشقىلارنىڭ: «بۇ يىگىت ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ ئورۇن بوشىتىپ بەردى، بۇ كادىر كىشى بالىلىق ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپمۇ قويۇپ بەرمىدى، بەك باغرى تاشكەن دېيىشكەنمىدۇ» دەپ ئازراق خىجىللىق ھېس قىلغاندەك بولغانىدىم.

بۇگۈنمۇ يەنە شۇ يولدا ئاپتوبۇس بىلەن كېتىۋاتىمەن. پىكىر - خىيالىم ناھىيىگە بېرىپ بېجىرىدىغان خىزمەتلەرنىڭ چارە - ئۇسۇللىرى، ئۇچرىشىدىغان كىشىلەر ۋە ئۇلارغا ئېيتىدىغان سۆزلەرنى ئويلاش بىلەن ھەلەك. گاھىدا خاتىرەمدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ھېلىقى بالىلىق ئايالنىڭ ئىشلى-

ـرى ئېسىمگە كېلىدۇ. بىر تۇرۇپ «نېمىشقىمۇ شۇ چاغدا مەرد-
لىك قىلىپ بۇرۇنلا ئورۇن بوشىتىپ بەرمىگەن بولغىيدىم» دەپ
ئۆز - ئۆزۈمگە ئۆكۈنىمەن. ئارقىدىن يەنە «تۇغقىنىمىدى ئۇ،
پۇل تۆلەپ بېلەت ئالدىم، ۋىجدان ئازابى تارتقۇدەك مەندىن ھېچ
سەۋەنلىك ئۆتمىدى» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن.
مۇشۇنداق خىيال ئەسىرلىكىدە كېتىۋاتقىنىمدا «بېلەت ئېلىڭ»
دېگەن ئاۋاز دىققىتىمنى بۇزدى. بېلەتچى ئايال ماڭا ئىككى
يۈەنلىك بېلەت كېسىپ بېرىپ، كەينىمدىكى ئورۇندۇقتىكى
بادام دوپپا، نىمكەش جۇڭسەنفۇ چاپان كىيگەن توپا چىراي
دېھقان يىگىتتىن بېلەت سوئىلىدى.
— يېنىمدا ئارانلا مۇشۇ بار ئىكەن.
— پۇلى يوق ئادەم نېمىشقا ماشىنىغا چىققان، تېز پۇل
چىقىرىڭ.
— راست پۇلۇم يوق ئىدى، ئەمىسە يېرىم يولدا چۈشۈپ
قالاي.
— بولمايدۇ.
دېھقان يىگىتنىڭ چېھرىدە ئامالسىزلىق ئىپادىلىرى ئەكس
ئەتتى. ئۇ ئەتراپقا خىجىللىق بىلەن بىچارىلارچە قارايتتى. شۇ
ئەسنادا ئاپتوبۇس نىشاندىكى بېكەتكە يېقىنلاپ قالدى. بېلەتچى
ئايال ھېچ رەھىم قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ «شارت»
قىلىپ يىگىتنىڭ بېشىدىكى خېلىلا يېڭى بادام دوپپىسىنى تارتىد-
ۋېلىپ پۇرلاپلا بېقىنىغا قىسىپ، «دەرھال پۇل تاپمىسىڭىز
دوپپىڭىز مەندە قالىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە شۇنىڭغىمۇ قانائەت
قىلماي يىگىتنى چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكد-
نى بەدىنى بىلەن توسۇپ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. يىگىت
نېمە قىلارىنى بىلمەي ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقانلاردىن خىجىل

بولۇپ ئۆز ئورنىدا يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئايالنىڭ بۇنچە قاتتىقلىقىغا ھەيران بولۇشۇپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئۇچۇن سېخىيلىق قىلىپ بېلەتچىگە بىر كوي بېرىش ئۇچۇن يانچۇقىغا قول سالمىدى. مەنمۇ شۇلار قاتارىدا يېنىمدىكى 10 يۈەنلىك پۇلنى پارچىلاشقا چىدىماي پەسكە چۈشۈپ كەتتىم ـ دە، بېلەتنى قايتۇرۇش ئۇچۇن دەرھال كەينىمگە بۇرۇلدۇم. مەندىن بىر نەچچە ئورۇندۇق كەينىمدە ئولتۇرغان تەقى ـ تۇرقى ئۆتكەندە باللىق ئايالغا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەن يىگىتتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان، تارالمىغان چاچلىرىغا ئالا ـ يېشىل سىر يۇقۇپ قالغان كونا گىمناستۇركا، پۇتىغا يۇمشاق خەي كىيگەن 20 ياشلاردىكى ئاق سېرىق يىگىت بېلەتچى ئايال بىلەن تاكاللىشىۋاتاتتى. يىگىت ئايالغا قەددى بىلەن سۆزلەيتتى:

ـــ بىر كوينىمۇ شۇنچە قىلىپ كەتكىنىنى، مانا پۇل دې ـ گەن، ـــ يىگىت بېلەتچىنىڭ قولىغا 10 يۈەنلىك تىزنى سىلكىپ تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېقىنىدىكى دوپپىنى يەنە زەرب بىلەن يۇلۇپ ئالدى، ـ دە، ئاداش كىيىۋال. بۇنىڭغا چىراي سارغايتقۇچە ماڭا دېسەڭچۇ، بىرەر كوي دېگەن ئادەمنىڭ بېشى ئەمەس، ـــ دېدى.

ـــ مۇتقا چىقىڭ دېسەم بولامتى ئەمىسە، شەخسىينىڭ ئېشەك ھارۋىسى ئەمەس بۇ. ئون كوينىڭ قارىسىنى كۆرۈپ چوڭچىلىق قىلىپ كەتكىنىنى بۇنىڭ. . .

يىگىت ئايالنىڭ چالۋاقاشلىرىغا پەرۋا قىلماي يولىغا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يېزىلىق دېھقان يىگىتنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، تەڭلىكتىن قۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىۋاتقاندىكى ھالىتى شۇنچە تەبىئىي ئىدىكى، ئۇنىڭدا بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ قارا

تاختاي گېزىتىگە يېزىلىش، شەرەپ تاختىسىغا چىقىش، ماختىلىش ئۈيىدا بولۇۋاتقان ھېسسىيات زادىلا كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇ يىگىتنى ئاز تولا تونۇيتتىم. ئۇ گاھىدا ئۆزىنىڭ ئىچەرمەن دوستلىرى بىلەن مەستلىكتە مۇش ئېتىشىپ، قاش - قاپاقلىرىنى كۆكەرتىشىپ يۈرىدىغان، بەزىدە تاۋكادا تۆت ئوشۇقنى دەتتىكامغا ئېتىپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ياللىنىپ ئىشلەپ تاپقان ئازغىنا پۇللىرىنى ئۇتتۇرىۋېتىپ، سويغان پىيازدەك قالىدىغان تەركى ۋەتەنلەردىن ئىدى.

تۇۋا، بۇ ئادەمدە بىر ۋۇجۇد، بىر قەلبتە ياخشىلىق ۋە يامانلىق تۇيغۇسى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولىدىكەن - ھە! يەنە كېلىپ مۇقىم ئىش ئورنى يوق. تاپسا يەپ، تاپالمىسا شۈكۈر قىلىدىغان ئاشۇنداق ئادەمدىمۇ ئىزگۇ تۇيغۇلار بولىدىكەن - ھە؟!

دانالار: «ھەرقانداق كىشىنىڭ مەئىشىتىگە ھاجەتمەن كىشىلەر شېرىك بولالمايدىغان بولسا ئۇنداق كىشى باي ھېسابلانمايدۇ. ھەرقانداق كىشى ئۆز ھاياتىدا ياخشى نام قالدۇرمايدىغان بولسا، ھەممە ئۆمرىنى ئۆلۈم ھېسابىدا بىلسە بولىدۇ. . .» دېگەن نەسىھەتنى قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن ۋە بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق بىر نەزمىمۇ بار:

«ياخشى نام تاپقىنىكى مەقسىتىڭگە يار بولغاي جاھان،
ياخشى نامدىن ئۆزگە يوقتۇر بۇ جاھاننىڭ مەھسۇلى»

مەن ئۆزگىگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ئىككىلا ئىشتا ۋىجداننىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىدىم. ئۆزۈم ساغلام، بەقۇۋۋەت ئادەممەن. مۇقىم مائاشىم، يېنىمدا ھاجىتىمدىن چىقالىغۇدەك

پۇلۇم بار تۇرۇپ، ئاشۇ ئىشسىز نامرات يىگىتلەر قىلالىغان ئىشنى قىلالمىدىم. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئاچچىقىدا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدىم. تەڭرى بۇ گۇناھىمنى كەچۈرەرمۇ؟

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyOTYyNjMuemlw",
"filename_decoded": "40296263.zip",
"filesize": 37111927,
"md5": "68eadba750fc1cef66fd759b893d9ac2",
"header_md5": "bf9917a8327d9cf3d8b3df351a535752",
"sha1": "58efc7b75ef7fbc685b6281158c9020982fabada",
"sha256": "1a5f58d5edd8f99e24ec8b19c18ff89795006274cae641974ab59d1327320cfc",
"crc32": 3260599657,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 39578523,
"pdg_dir_name": "\u2561\u250c\u2534\u2219\u2569\u2553\u2553\u2555\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40296263",
"pdg_main_pages_found": 182,
"pdg_main_pages_max": 182,
"total_pages": 191,
"total_pixels": 614315648,
"pdf_generation_missing_pages": false
}